شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

# BULAK

2005

6




# بۇلاق

ISSN 1005 0876
12>
9 771005 087006

源泉(布拉克)





ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

26-يىل نەشرى

ئومۇمىي 105-سان


بەت بوسۇغىسى
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

2005 ـ يىللىق 6 ـ سان

# بۇلاق





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«سىددىقنامە» دىن .......................... مۇھەممەد سىددىق رەشىدى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ


### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


تارىخى رەشىدىي .......................... مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (19)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


### مەشھۇر شەخسلەر


زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئۆزگىچە بايان .............. ئابلا ئەھمىدى (35)

مۇھەممەد ئىمىن گۇمنام (ھىرقىتى) نىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرى، ئەۋلادلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش .............. ئابلىمىت ئىمىن (50)


### ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى


«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى چىن، ماچىن ۋە تاۋغاچناملىرى ھەققىدە مۇھاكىمە .............................. غالىپ بارات ئەرك (62)



مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

قاراخانىيلار ئەدەبىياتى ۋە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى .........
........................................................ روبېرت. دانكوف (77)
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران
نەۋائى لىرىكىلىرىدىكى «ئىشق» ھەسرىتى ۋە ھايات تراگېدىيىسى ئېكى ...
.......................................................... ئىقبال تۇرسۇن (82)
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى ئاياللار ئوبرازى ھەققىدە قىسقىچە بايان ...
........................................................ ئايگۈل مۇھەممەت (92)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

زۇلمەت ئىچىدە نۇر ........................................ مىركەرىم ئاسىم (94)

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: لەيلى ۋە مەجنۇن (رەسسام: غازى ئەھمەد)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: بۇنىڭدىن 103 يىل (بىر ئەسىر) بۇرۇنقى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ۋە ھېيتگاھ ئالدىدىكى بازار (رەسىمنى ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تارتقان، تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن تەمىنلىگەن)
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: مۇساجان ۋاھاپ ماي بوياق رەسىملىرىدىن

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: (0991) 2827726
E—mail: bulak7@Hotmail. com

# «رسالەدىتقنامە»دىن①

**مۇھەممەد سىددىق رەشىدى**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بوگۇ**

## ئوتتۇزىنچى باب. ئەپۇ قىلماق ۋە جازالىماقنىڭ بايانى②

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر كىشى بىرەر گۇناھ سادىر قىلسا، ئادالىتىڭ بىلەن ئۇنىڭ، يەنى گۇناھكارنىڭ ئۆزرىنى ئاڭلا. چۈنكى ئۇ ھەم ساڭا ئوخشاش ئادەمدۇر.

گۇناھ ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كۆرۈلگەندى. ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى ئىدى. شېئىر:

> بىر كۈن مەن ئەگەر بارالمادىم سۆھبەتىڭگە،
> يۈزمىڭ غەم ئارا قالدى كۆڭۈل مېھنەتىڭگە.
> ئەۋۋەل كىشىكىم قىلدى گۇنەھ ئادەمدۇر،
> بىر جۇرم بىلە تاشلاما مەنى فۇرقەتىڭگە.

[بىراۋغا] ھورۇنلۇق قىلغانلىقى تۈپەيلى ئوقۇبەت قىلما. تا يوق گۇناھ ئۈچۈن ئازابقا سازاۋەر بولمىغاي!

ھەرقانداق سۆزگە ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن. بولۇپمۇ غەمكىن، يەنى خاپا ۋاقىتلىرىڭدا ئاچچىقىنى يۇتماقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. ئەگەر خاپىلىق تۈپەيلى [باشقىلار] ھەم بىرەر گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئەپۇ قىل ۋە ئۆزرىنى قوبۇل قىل. چۈنكى بەندە گۇناھ قىلمىغان بولسا، خۇدايتائالانىڭ ئەپۇسىمۇ بولماسىدى. قاچانكى ئەپۇ قىلماقنى ئۆزۈڭگە ۋاجىب بىلسەڭ، ھەر ۋاقىت ئۇلۇغلۇق شاراپىتىدىن قۇرۇق قالمايسەن. ناۋادا بىراۋنى ئەپۇ قىلساڭ، مىننەت قىلىپ ئۇنى خىجالەتكە قويما. چۈنكى مىننەت قىلىش — ئەپۇ قىلمىغان بىلەن باراۋەردۇر. ئەگەر كىشى جازاغا تارتىلغۇدەك دەرىجىدە گۇناھ قىلغان بولسا، گۇناھىغا بېقىپ جازالا. ئىنساپ ئەھلى شۇنداق ئېيتقانكى: «جازانى گۇناھىغا بېقىپ بەرمەك كېرەك». ئەمما مەن ئېيتىمەنكى: ئەگەر كىشى گۇناھ قىلغان بولسا، سەن ئۇنىڭ گۇناھىغا قارىتا تولۇق، يەنى ئۆزۈل - كېسىل جازا بەرمەكچى بولساڭ، ئۇ ھالدا شەپقەت ۋە كەڭچىلىك تەرىقىسىنى ئۇنتۇغان بولىسەن. مېنىڭچە، بىر مىسقاللىق گۇناھ ئۈچۈن يېرىم مىسقاللىق جازا بەرگەن تۈزۈك. شۇنداقتا ھەم سىياسەت تەرتىپىنى بەجا كەلتۈرگەن ھەم شەپقەت - كەڭچىلىك

---

① بېشى ئۈتكەن ساندا.
② مۇندەرىجىدە «گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شەرتىنى ئادا قىلغان بولسەن. ئالىيجانابلار ۋە مېھىر - شەپقەت ئىگىلىرى رەھىمسىز، زالىملار ئىشىنى قىلسا، ياراشمايدۇ. ئەمما ئۇزرە ئېيتىش لازىم بولغۇدەك گۇناھنى سادىر قىلما. ناۋادا شۇنداق گۇناھنى سادىر قىلىپ قويساڭ، ئۇزرە ئېيتماقتىن — ئەپۇ سوراشتىن نومۇس قىلما.

**ھېكايەت:**

ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ زامانلىرىدا بىر قوۋم گۇناھ سادىر قىلغاندى. شەرىئەت بويىچە ئۇ قوۋمنى ئۆلتۈرمەك ۋاجىب بولدى. مۇئاۋىيە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. بىر نەچچە گۇناھكار ئۆلتۈرۈلۈپ نۆۋەت بىرىگە يەتكەندە، ئۇ كىشى، يەنى گۇناھكار:

— يا ئەمىر، بىزنى قانداق قىلساڭ، گۇناھىمىز ئۈچۈن ھەق ۋە ئورۇنلۇقتۇر. ئەمما خۇدايتائالانىڭ ھەققىدە بولسىمۇ بىر ئېغىز سۆز قىلىشىمغا ئۈچۈن ئامانلىق بەرسەڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. مۇئاۋىيە ئىجازەت بېرىپ: — سۆزۈڭنى ئېيتقىن، — دېدى.

گۇناھكار دېدىكى:

— ئەي ئەمىر، پۈتۈن ئالەم خەلقى سېنى «ئالىيجاناب ۋە مېھىر - شەپقەت ئىگىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەگەر مۇشۇ گۇناھىمىزنى يەنە بىر زالىم پادىشاھنىڭ مەملىكىتىدە سادىر قىلغان بولساق، ئۇ بىزلەرنى نېمە قىلاتتى؟

مۇئاۋىيە ئېيتتىكى:

— مەن قىلغاندەك قىلاتتى، يەنى مەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندەك ھۆكۈم قىلاتتى.

ئول گۇناھكار ئېيتتىكى:

— سەن ئۇ بىرەھىم زالىمنىڭ قىلغىنىنى قىلساڭ، ئۇ ھالدا سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭنىڭ، مېھىر - شەپقىتىڭنىڭ پايدىسى نېمە؟

مۇئاۋىيە ئېيتتىكى:

— ئەگەر سەن ئېيتقان مۇشۇ سۆزنى ئىلگىرىكىلەر، يەنى ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئېيتقان بولسا ئىدى، ھەممىسىنى ئەپۇ قىلاردىم. ئەمدى بولسىمۇ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدىم!

ۋاقتىكى، گۇناھكار ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلسا، گۇناھىدىن ئۆتكىن. چۈنكى سورالغان ئۇزرە گۇناھتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئەگەر بىرەر ھاجەتمەنىنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشسە، ئۇ ھاجەتمەنىنىڭ ساڭا ياكى دىنىڭغا زەرىرى يەتمىسە، بايلىقىڭغا، يەنى پۇل - مېلىڭغا تەسىر كۆرسەتمىسە، ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىل، قۇرۇق قول ياندۇرمىغىن، ھەم ئۇ ھاجەتمەنىنى يالغانچى دەپ گۇمان قىلما. ئەگەر ئۇ، يەنى ھاجەتمەن سېنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمىسە، ھاجىتىنى تىلەپ ئالدىڭغا كەلمەسىدى. شۇنى بىلگىنكى، ساڭا ھاجىتى چۈشكەن ھەرقانداق ھاجەتمەن سېنىڭ ئەسىرىڭدۇر. دەرھەقىقەت، ھاجەتمەنلىك — ئەسىرلىكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. شۇڭا ئەسىرلەرگە ھەم رەھىم قىلغايسەن! ئەسىرنى ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ توغرىسىدا گۇناھ سادىر قىلىشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگىن، شۇندىلا ئىككى ئالەمنىڭ ساۋابىنى تەڭ كۆرىسەن. ئەگەر سېنىڭ ھاجىتىڭ كىشىگە چۈشسە، ئالدى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ، يەنى سېنىڭ ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشىنىڭ ئالىيجاناب، مېھىر - شەپقەتلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ئوبدان قارا. ئەگەر ئۇ كىشى ئالىيجاناب، مېھىر - شەپقەتلىك بولسا، ھاجىتىڭنى ئېيت ۋە ياردەم تىلە. ئەمما مېنىڭ مۇنۇ ۋەسىيىتىمنى قۇلىقىڭدا ئوبدان ساقلا: بىرى،

سەن ھاجەت تىلەپ بارغان ۋاقتىڭدا ئۇ كىشى، يەنى سەن ھاجەت تىلەپ بارغان كىشى غەمكىن، قورسىقى ئاچ بولمىغاي، غەمكىن، قورسىقى ئاچ ۋاقتىتا ھاجەت تىلەپ بارما. بۇنداق چاغدا ھاجىتىڭ، يەنى ساڭا لازىم بولغان نەرسە قولۇڭغا تەگمەيدۇ؛ يەنە بىرى، قولغا كەلمەيدىغان نەرسىنى تىلىمە، يەنى سورىما. ھاجىتىڭدىن چىققۇچى قوبۇل قىلالىغۇدەك نەرسىنى تىلە (سورا). ھاجىتىڭ چۈشكەندە ھاجىتىڭنى، يەنى نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭنى چىرايلىق، ياخشى سۆزلەر بىلەن بايان قىلغىن. مەقسىتىڭنى ئاڭلىتىپ بولۇپلا تاشقىرى چىق، ھەرقانداق سۆزنى ئەدەب بىلەن ئېيت. ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشىگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىل. شۇندىلا ھېچ ۋاقىت قۇرۇق قول قايتمايسەن. چۈنكى مۇلايىملىق ياخشىلىققا يېتىشمەكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. رۇبائى:

ئەي دىل، ھەۋەس ئۆلسە يەتمەكىڭ يارىڭغە،
بىۋاسىت قويمە قەدەمىڭنى ئول دىلبەرۇ دىلدارىڭغە.
تاشقارى خاھىشىدىن يەتسەڭ كېرەك،
ئول زەرىف ئەييارىڭغە.

ھەرقانداق كىشىگە ھاجىتىڭ چۈشكەنىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزۈڭنى بەندە ۋە چاكاردەك بىلگىن. چۈنكى بىزنىڭ خۇداۋەندىتائالاغا قۇللۇق بىلدۈرمىكىمىز ھاجىتىمىزنىڭ چۈشكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر خۇداۋەندىتائالاغا بەندىنىڭ ھاجىتى چۈشمىسە ئىدى. ھېچ كىشى تائەت - ئىبادەتكە يۈز كەلتۈرمەس ئىدى. شۇڭا ھاجىتىڭنى تاپىساڭ ھاجىتىڭنى راۋا قىلغان كىشىگە ھەر ۋاقىت تەشەككۈرىڭنى بىلدۈرگەيسەن. دەرھەقىقەت، ھاجىتىدىن چىققان كىشىگە تەشەككۈر ئېيتمايدىغان ئادەم خۇداۋەندىتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: «شۈكرى ئېيتقۇچىلارنى خۇداۋەندىتائالا دوست تۇتىدۇ» دېگەن كەلىمە بار. شۈكرى ئېيتماق ھاجەتكە ئېرىشىشنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشى ئەگەر سېنى ھاجىتىڭدىن چىقارمىسا، بۇنى ئۆز بەختىڭدىن كۆرگىن. ئۇ كىشى توغرۇلۇق كىشىلەرگە سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرمە. چۈنكى سېنىڭ ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشى سۆز - چۆچەك قىلىشىڭدىن قورقسا، ئەلۋەتتە، ھاجىتىڭنى راۋا قىلغان بولاتتى.

ئەگەر ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشى بېخىل ۋە نامەرد بولسا، ساق ۋاقتىدا ھېچنېمە سورىما. سورىغان نەرسەڭنى بەرمەيدۇ. سورىماقچى بولغان نەرسەڭنى مەست ۋاقتىدا سورا. چۈنكى بېخىل ئادەملەر مەست ۋاقتىدا سېخىي بولۇپ كېتىدۇ. ناۋادا شۇ بېخىل ئادەملەر كېيىن پۇشايمان قىلىپ، بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا ياكى ھاجىتىڭ ئامالسىزلىقتىن شۇ بېخىل، ناكەس ئادەملەرگە چۈشسە، ئۇ ھالدا ئۆزۈڭنى بىچارىلەر قاتارىدىن سانا. ئۇلۇغلار ئېيتقانكى، ئۈچ تائىپە بىچارىلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

بىرى، ئۆزى ئاقىل بولسىمۇ، نادانىنىڭ قول ئاستىدا بولسا؛ ئىككىنچى، ئۆزى كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك تۇرۇپ، ئاجىز ۋە زەئىپ دۈشمەنگە تۇتقۇن بولسا؛ ئۈچىنچى، يوقسۇزلۇقتىن بېخىل ئادەملەرگە موھتاج بولسا.

— ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، تۆرلۈك سۆز - نەسىھەتلەرنى، ھۈنەرلەرنى قۇدرىتىم يېتىشىچە بۇ كىتابتا بايان قىلدىم. تا ئوقۇپ بىلگەيسەن. ئەگەر بىرەر ئىشقا ھاجىتىڭ چۈشسە، كارغا كەلگۈسىدۇر. كاشكى، ئىلىم - ھېكمەتلەردىن كۆپرەك بىلگەن بولسام

ئىدىم، ساڭا ئۆگەتكەن بولاردىم. تا بۇ جاھاندىن بىغەم ھالەتتە كەتكەن بولاتتىم. لېكىن نېمە ئىلاج قىلاي، ئىلىم ۋە ھېكمەت يولىدا پىيادىدۇرمەن. ئەپسۇس، ساڭا مالامەت يەتمىسۇن دەپ پەقەتلا ئاتامدىن ئاڭلىغانلىرىمنىلا بايان قىلدىم. مەنمۇ ئىلگىرى ئۆزۈم بىلگىنىمچە ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنىدىم. ئاتامدىن ئاڭلىغان ـ ئۆگەنگەنلىرىمگە ئانچە كۆڭۈل باغلاپ كەتمىگەنىكەنمەن. ئەمدىلىكتە خاھى ئاڭلا، خاھى ئاڭلىما بىلگەنلىرىمنى بېخىللىق قىلماي ساڭا ئېيتتىم. تەبىئىتىمنىڭ ئەينىكىدە ساڭا كۆرسەتتىم. ئۇلۇغلار ئېيتقانكى: «سائادەتمەن كىشىلەر ئاڭلىغاننى قوبۇل قىلىدۇ!»

## ئوتتۇز بىرىنچى باب. ئىلىم تەلەپ قىلماق ۋە قازى بولماقنىڭ بايانى

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئەمدى تۆرلۈك ھۈنەر (ئىلىم) توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى بايان قىلىمەن: ھۈنەر ـ دۇكاندارلىق، يەنى ئالماق ـ ساتماق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەس، بەلكى ھەربىر كىشى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئىلىم ياكى بىرەر كەسپتۇر. ناۋادا سەن بىرەر ئىلىمنى ئوبدان بىلسەڭ، ئۇنىڭدىن سەمەرە (نەتىجە) كۆرىسەن. بىلىمەن، ئۇستازغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان ھېچبىر ھۈنەر ۋە ھېچ ئىش يوقتۇر.

«ھۈنەر» نىڭ تۈرى كۆپتۇر. ھەممىسىنى تەپسىلىي شەرھىي قىلساق كىتاب ئۇزىراپ كېتىدۇ. يەتمەكچى بولغان مەقسەتتىن يىراقلاپ كېتىمىز. لېكىن، بىلگىنكى، ھۈنەرگە تەئەللۇق ئىلىم مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن تاشقىرى بولمايدۇ. ئۇلار: تېبابەتچىلىك ئىلمى، مۇنەججىملىك (ئاسترونومىيە) ۋە ھەندىسە (گېئومېتىرىيە)، يەنە شائىرلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرتىپى، يەنى قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى باردۇر. ئەگەر سەن بۇلارنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا سەن ھەرقانچە بىلەرمەن بولساڭمۇ، بۇ ئىلىم ئالدىدا ئەسىرگە ئوخشاش قالىسەن. مانا بۇ «ھۈنەر» دېيىلىدۇ. بۇ ھۈنەرلەر تولىمۇ مەشھۇر بولغاچقا، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ شەرھلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. لېكىن ئەمەلدە كۆرۈلىدىغانلىرىنىلا بايان قىلىمەن ھەم ھەربىرىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ھەر ئىشنىڭ، يەنى ھۈنەرنىڭ مەقسىتى ئىككى ھالدىن تاشقىرى بولماس: بىرى، زاماننىڭ تەقەززاسىدىن يا سىنىڭ ئۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە ھاجىتىڭ چۈشىدۇ. ھاجەت چۈشكەن ۋاقىتتا ھەربىر ھۈنەرنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇش [زۆرۈرىيىتى] تۇغۇلىدۇ. ھەمدە ئۆگەنگەن شۇ ھۈنىرىڭ ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ئەسقاتىدۇ. ھاجىتىڭ چۈشمىگەن، يەنى ئەسقاتمىغان تەقدىردىمۇ كاتتىلار ئۈچۈن ھەرقانداق ئىلىمنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى بىلىپ قويۇش ئوبداندۇر. يەنە بىرى، ئەگەر دۇنيا تەلەپ قىلساڭ، قازى، مۇپتى ۋە ياكى كاتتا مەرتىۋىدە بولغىن. ئەمما بۇلارنىڭ مەنپەئەتى يەنىلا ئىلىم ـ ھۈنەرگە يەتمەيدۇ. ئىلىم تەلەپ قىلماي تۇرۇپ دۇنيا (بايلىق) ھاسىل بولمايدۇ ...

ھۈنەر، يەنى ئىلىم توغرىسىدا بىلگىنىمچە بايان قىلدىم. ئەگەر ئىلىم تەلەپ قىلساڭ، قانائەتچان ۋە پەرھىزكار بولغىن؛ ئىلىمنى دوست تۇتقۇچى، دۇنيانى دۈشمەن تۇتقۇچى ۋە كىشىنىڭ ئېغىرىنى كۆتەرگۈچى، خۇشچاقچاق، ياخشى خۇيلۇق، كەم ئۇيقۇ، سەھەر تۇرىدىغان، كىتابنى دوست تۇتقۇچى؛ خۇش مۇئامىلىلىك ۋە ئالىم، دۇرۇس، چىدامىلىق، ھۈنەر

ۋە ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغۇچى؛ ئۆگىنىشكە ھېرىس ۋە شەرم - ھايالىق، ئۇستازنىڭ
ھەققىنى ساقلىغۇچى بولغايسەن. ھەرۋاقىت مەيلىڭ ۋە ئىلتىپاتىڭ كىتابلارغا بولغاي! قەلەم،
دۇۋەت، قەلەمتىراش، قەلەمدان، پىچاق ۋە جەدۋەل، جەدۋەل قەلىمى، قەغەز ۋە باشقا
لازىملىق نەرسىلەر دائىم ئۆزۈڭ بىلەن ھەمراھ بولغاي! ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى قانداق ئىش
بىلەن مەشغۇل بولسۇن، مۇشۇ تەرتىپ - قائىدىلەرنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، زامانىنىڭ
يېگانىسى، يەنى كاتتا مەرتىۋە ئىگىسى بولالايدۇ.

بەس، ئەگەر مۇپتى بولساڭ، ئىبادەتتىن چىقما. ئىككى يۈزلۈك بولمىغىن. دۇرۇس
سۆزلە، يەنى راستچىل بول. بەدىنىڭنى ۋە كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن. ھەرقانداق مەسىلىگە
قارىتا جاۋابىنى ۋاقتىدا بەر. لېكىن ھەقىقەتنى تاپماي تۇرۇپ جاۋاب پۈتمە. كىشىدىن
ئاڭلىغىنىڭغا قانائەت قىلما. كىشىنىڭ ئېيتقىنىنى ئاڭلاپلا ھۆكۈم چىقارما. ئىشەنچلىك
كىشىلەرنىڭ خېتىگە ئىشەنچ بىلەن قارا. ئەمما سۆزىگە ئىشىنىپ كەتمە. كۆرگەنلىكى كىتاب
ۋە پۈتۈكلەرنى مۆتىۋەر بىلىپ كەتمە. ئەگەر رىۋايەت ئاڭلىساڭ، نام - شەرىپى ئېنىق
بولمىغان راۋىي (رىۋايەت قىلغۇچى) لارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلما؛ ئاتاقلىق ۋە مەشھۇر
راۋىيلارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىل. ئىشەنچسىز بولسا ئەقىدە قىلما. ئەگەر ئىشەنچلىك رىۋايەت
بولسا، ئېتىبار بىلەن قارا. ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن، يەنى ئاشكارا سۆزلىنىپ
يۈرگەن خەۋەرلەردىن قاچما. تىرىشچان بول. ئەمما تولا ئاچچىقچان بولمىغىن. غەزەپ بىلەن
سۆزلىمە. ئەگەر مۇنازىرە قىلساڭ، رەقىبىڭنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆزەت. سۆزدە ئۇنىڭ-
دىن، يەنى رەقىبىڭدىن غالىب كېلەلىسەڭ، مۇنازىرىلەش. ناۋادا غالىب كېلەلمىسەڭ توختاپ
قال. بىر مىسالغا قانائەت قىلما ۋە بىر دەلىلگە تايىنىپلا خۇلاسە چىقىرىش دەۋاسىدا بولما.
دەسلەپ ئېيتقان سۆزلىرىڭنى يادىڭدا مەھكەم تۇت. تا ئاخىرىنى چۇۋالچاق قىلىپ قويمىغاي-
سەن. ئەگەر مۇنازىرە بىرەر مەسىلىگە ئائىت بولسا، ئاۋۋال ئاددىيراقىدىن - ئاڭلىغانلىرىڭ-
دىن باشلا. ھەم دۇنيادا مەۋجۇد بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە سۆز ئاچقىن. تا غەرىزىڭنى،
يەنى مەقسىتىڭنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىش. سۆزنى تەرتىپ بىلەن سۆزلە، كۆتاھ
قىلما. سۆزنى ئازراق، يەنى قىسقا قىل. ئەمما مەنپەئەتى يوق سۆزلەرنى سۆزلىگۈچى بولما.
ئەگەر مەدداھ (ۋەز ئېيتقۇچى) بولساڭ، كۆپ نەرسىلەرنى يادقا ئالغىن. رەقىبىڭ ئاجىز
بولسىمۇ مۇنبەر ئۈستىدە — جامائەت ئالدىدا مۇنازىرە — دە - تالاش قىلما. ۋەز ئېيتساڭ
سۆزۈڭنى پاساھەتلىك (ئوچۇق - ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن) قىل. مەجلىستە ئولتۇرغانلارنى
ئىلىمدە، سۆزدە ئۆزۈڭدىن تۆۋەن دەپ بىل. خالىغىنىڭچە، ئەركىن - ئازادە سۆزلە. سۆزۈڭ
راۋان بولسۇن. سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالما. لېكىن [سۆز مۇنبىرىگە چىققاندا] كىيىمىڭ،
ئايىغىڭ پاكىز بولسۇن. مۇرىتلار (ئەگەشكۈچىلەر) نى قولۇڭغا كەلتۈرۈشكە تىرىش. ئۇلار
سېنى قوللاپ مەجلىسنى قىزىتقاي! ناۋادا مەجلىس ئەھلى ھاياجانلىنىپ ۋە ياكى سۆزۈڭدىن
تەسىرلىنىپ يىغلىسا، سەن ھەم يىغلا. ئەگەر سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالساڭ، يەنى دېمەكچى
بولغان سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالساڭ، ھودۇقۇپ كەتمە. مۇۋاپىق بىر سۆز بىلەن سۆزۈڭنى
داۋاملاشتۇر. سۆزلىگەندە جانلىق بول. جۈرئەت بىلەن سۆزلە. مەجلىس ئەھلى قوبۇل
كۆرسە، يەنى سۆزۈڭنى بېرىلىپ ئاڭلىسا، توختاپ قالما. ئويالماي سۆزلە. سۆزۈڭ يەڭگىل،
چۈشىنىشلىك بولسۇن. لېكىن ياخشى سۆزنى يامان نەرسىگە ساتما. ناۋادا مەجلىس ئەھلى
سۆزۈڭنى قوبۇل كۆرمىسە، يەنى ئاڭلاشنى خالىمىسا، سۆزلەشتىن دەرھال توختا.
سۆز مۇنبىرىدە ھەر تەرەپكە مېڭىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە ئادەتلەن. ئەمما قولۇڭنى شىلتى-

www.uyghurkitap.com

ما. ھەممىشە سۆزۈڭدە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا قارا. ئەگەر مۇنبەردە تۇرغىنىڭدا
بىراۋ سەندىن سوئال سورىسا، بىلگىنىڭگە جاۋاب بەر، بىلمىسەڭ «بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى
مۇنبەر ئۈستىدە ئېيتقىلى بولماس، ئۆيۈمگە كېلىپ ئاڭلاڭ» دە. سوئال سورىغۇچى كىشى
جاۋابىنى ئاڭلايمەن، دەپ ئۆيۈڭگە كېلىپ يۈرمەيدۇ.

ھەر قېتىملىق مەجلىستە بىر نۆۋەت دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم دېمىگىن، يەنى
دەپ بولغان سۆزلەرنى قايتا تەكرارلىما. ھەرقاچان چىرايىڭ ئوچۇق بولسۇن. ھەرقانداق
بىر شەھەردە كۆپ تۇرمىغىن. مەدداھلار ۋە پال ئاچقۇچىلارنىڭ تىرىكچىلىكى كۆپ ماڭماق
بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىغا خۇش مۇئامىلىدە بول. ئىچىڭ بىلەن تېشىڭنى توغرىلىق
بىلەن بېزە. دىلىڭ بىلەن ھەرىكىتىڭ ئوخشاش بولسۇن. ئىمكان بار ناماز ئۆتەش، روزا
تۇتۇش قاتارلىق ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى ئادا قىلىشقا تىرىش. كىشىلەر بىلەن
بولغان مۇئامىلىدە تىلىڭ تاتلىق بولسۇن. كوچا ـ كويلاردا، يەنى بازارلاردا تولا لاغايلاپ
يۈرمە. ئاۋام ئارىسىدا ئەزىز بولغايسەن. يامان ـ يالغانلاردىن پەرھىز قىل. ۋەز ئېيتقاندا
سۆز مۇنبىرىنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرىنى ساقلا. بۇ سۆزلەرنى يۇقىرىدىمۇ دېگەندىم. تەكەب-
بۇرلۇق قىلماق، يالغان ئېيتماق، پارا ئالماق قاتارلىق بولمىغۇر قىلمىشلاردىن يىراق بول.
خەلقنى ئۆزۈڭ قىلغان ۋە قىلالايدىغان ئىشقا باشلا. تا ئىنساپلىق ئالىم بولغايسەن!

ئىلىمنى ئوبدان ئۆگەن ۋە ئۆگەنگەنلىرىڭنى ياخشى ئىبارىلەر ئارقىلىق ئادا قىل، يەنى
باشقىلارغا يەتكۈز. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش يولىدا خىجىل بولما. ئەمما ھېچ ۋاقىت
يالغان ئېيتما، بەزىدە ئاگاھلاندۇر، بەزىدە سۆيۈندۈر. خەلقنى ھەرقاچان خۇدايتائالانىڭ رەھ-
مىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمە ھەم كىشىلەرنى بىر يولى جەننەت ئەھلى قىلىۋەتمە. ۋەز
ئېيتقاندا تولاراق ئۆزۈڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ۋە ئوبدان بىلىدىغان سۆزلەرنى دېگىن.
مۇنازىرىگە، يەنى دە ـ تالاشقا سالىدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان سۆزلەرنى دېيىشتىن
ساقلان! چۈنكى دە ـ تالاشقا سالىدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان سۆزلەر كىشىنى ئۇياتقا
قالدۇرىدۇ.

ئەگەر ئىلىمنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ قازى بولساڭ، ئېغىر
بېسىق بول. ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلان. ئۆزۈڭنى زېرەك ۋە پاراسەتلىك، ۋاقىت قارىشى
كۈچلۈك، يەنى ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان، قاتتىق قول، قانۇن ئىلىملىرىنى ئوبدان بىلىدىغان
قىلىپ يېتىشتۈر. ھەر گۇرۇھنىڭ مەزھەپ ۋە ئادەتلىرىنى پىششىق بىل ۋە ئۆگەن.
ناۋادائالدىڭغا [زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىرەر كىشى] دەۋالىشىپ كېلىپ قالسا، گۇۋاھچىسى
بولمىسىمۇ، ھەقىقەت شۇ زۇلۇمغا يولۇققۇچى تەرىپىدە بولسىلا، تەدبىر بىلەن ئۇ كىشىنى
ھەقلىق يوسۇندا ھەققىگە يەتكۈزگەيسەن. ھەققى كۆيۈپ كەتمىگەي!

### ھېكايەت:

تەبەرىستاندا ئەبۇلئابباس رويانى ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ بىلىملىك
ۋە تەقۋادار، تەدبىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ قازى ئىدى. بىر كۈنى بىر كىشى يەنە بىر كىشى
ئۈستىدىن يۈز دىنار ئاقچا (ئالتۇن پۇل) دەۋاسى قىلىپ قازىنىڭ (ئەبۇلئابباس رويانىنىڭ)
ئالدىغا كەلدى. جاۋابكار يالغانچى كىشى ئىدى. قازى دەۋاگەردىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلدى.
دەۋاگەر گۇۋاھچى يوقلۇقىنى ئېيتتى. قازى جاۋابكارنى ئەنت ئىچمىشكە، يەنى قەسەم قىلىشقا
بۇيرىدى. بۇ چاغدا دەۋاگەر پەرياد قىلىپ:

— ئەي قازى، ئۇنى ئەنت ئىچىشكە بۇيرۇمىغىن. چۈنكى ئۇ يالغان قەسەم قىلىشتىن قورقمايدۇ، — دېدى.

قازى ئېيتتى:

— شەرىئەتتىن تاشقىرى چىقىلى بولماس. يا سەن گۇۋاھچى تاپ، ياكى ئۇنى قەسەم قىلغىلى قوي.

ئۇ كىشى، يەنى دەۋاگەر قازىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا يۇمۇلىنىپ يىغلاپ:

— ئەي قازى، مېنىڭ گۇۋاھچىم يوقتۇر. يالغاندىن ئەنت ئىچىدۇ — يالغان قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى قەسەم قىلىشقا بۇيرۇساڭ، ماڭا زۇلۇم قىلغان بولىسەن. ماڭا ياردەم بېرىپ بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىلغىن، — دېدى. قازى ئۇ كىشىنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلاپ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. قازى ئېيتتى:

— ئەي بۇرادەر، سەن بۇ كىشىگە قەرز بەرگەن ئاقچىنى قانداق ئۇسۇلدا — نەدە بەرگەنىدىڭ، باشتىن بايان قىلغىن!

ئۇ كىشى ئېيتتى:

— ئەي قازى، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ۋە دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن! بۇ كىشى بىلەن كۆپ يىللاردىن بېرى دوست ئىدىم، تەسادىپەن، بۇ كىشى بىر كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسى بىر يۈز ئەللىك دىنار ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ ئەللىك دىنارلىق بىساتى بار ئىكەن. ئۇ كېنىزەكنى ئېلىشقا ھېچ چارە تاپالماپتۇ. بىراق كېنىزەكنىڭ پىراقىدا كېچە - كۈندۈز ئازاب ئىچىدە يۈرۈيدىكەن. بىر كۈنى تاماشا ئۈچۈن ئىككىمىز سەھراغا بارغانىدۇق. بىر يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتقاندا، بۇ كىشى ئۇ كېنىزەك توغرىسىدا سۆز ئېچىپ زار - زار يىغلىدى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ يىللىق دوستۇم ئىدى. كۆڭلۈم ئۇرتىنىپ: «— ئەي بۇرادەر، سەندە ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسىغا يەتكۈدەك پۇل - مال يوق ئىكەن. مەندە ھەم ئۇنچىلىك ئاقچا يوق. باشقىلار سېنىڭ دەردىڭگە يەتمەيدۇ. ئەمما مېنىڭ پۈتكۈل بىساتىم ھېسابىدا پەقەت يۈز دىنارىم بار. ئۇنى نەچچە يىلدىن بېرى ھېسابسىز رەنج ۋە مۇشەققەت تارتىپ يىغقانىدىم. ئۇ دىنارنى ساڭا بېرىپ تۇراي، قالغىنىنى ئۆزۈڭ قوشۇپ ئۇ كېنىزەكنى سېتىۋال. كېنىزەك بىلەن بىر ئاي ئەيش - ئىشرەت قىلغاندىن كېيىن، سېتىۋېتىپ يۈز دىنارىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەنىدىم، ئۇ كىشى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بىسيار يىغلاپ، ئايىغىمغا باش قويۇپ: «ئەگەر بىر ئايدىن كېيىن بەرمىسەم پالانى بولۇپ كېتەي» دەپ قەسەم ئىچتى. مەن ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەردىم. ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋاقتىمدا خۇدايتائالاغا مەلۇمدۇركى، ئىككىمىزدىن بۆلەك كىشى يوق ئىدى. ھالا تۆت ئاي بولدى. كېنىزەكنى ھەم ساتمىدى. ئالتۇنۇمنى ھەم بەرمىدى.

قازى سورىدى:

— ئالتۇننى ئۇنىڭغا قەيەردە بەرگەنىدىڭ؟

دەۋاگەر ئېيتتى:

— بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بەرگەنىدىم.

قازى دېدىكى:

— ئالتۇننى دەرەخ تۈۋىدە بېرىپسەن، يەنە نېمە ئۈچۈن گۇۋاھچىم يوق دەيسەن؟ جاۋابكار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سەن قىلچە تەشۋىشلەنمەي شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارغىن ۋە ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتە، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۈز قېتىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇرۇد ئېيتقىن، ئاندىن كېيىن دەرەخكە: «قازى سېنى ماڭا گۇۋاھلىق بېرىشىڭ ئۈچۈن چاقىرىدۇ» دېگىن.

جاۋابكار بۇ سۆزدىن مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. قازى كۆرۈپ كۆرمەسكە سالدى. دەۋاگەر دېدىكى:

— ئەي قازى، ئۇ دەرەخنى پەرمانغا بويسۇنماسمىكىن، دەپ قورقىمەن.

قازى ئېيتتى:

— مېنىڭ مۆھۈرىمنى ئېلىپ بارغىن ۋە ئۇنىڭغا: «بۇ قازىنىڭ مۆھۈرى، كېلىپ گۇۋاھلىق بەرسۇن دېدى» دە.

دەۋاگەر مۆھۈرنى ئېلىپ دەرەخ قېشىغا كەتتى. جاۋابكار قېلىپ قازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. قازى بولسا جاۋابكارغا قارىماي، باشقا ئەرز ئېيتقۇچىلارنىڭ دەردىنى سوراش بىلەن مەشغۇل بولدى.

بىر پەستىن كېيىن قازى بىر كىشىگە قاراپ:

— ئەي پالانى، ئۇ كىشى دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

جاۋابكار شۇ ئان:

— تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ؟ — دەپ جاۋاب ئېيتتى.

قازى يەنە بۆلەك ھۆكۈم ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى.

دەۋاگەر دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ قازى ئېيتقان تەرتىپدە مۆھۈرنى دەرەخكە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قازى سېنى چاقىرتىۋاتىدۇ» دېدى ۋە دەرەخ تۈۋىدە بىر سائەت ئولتۇردى. دەرەختىن ھېچ جاۋاب كەلمىدى. ئۈمىدسىزلەنگەن دەۋاگەر غەمگە پاتقان ھالدا قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي قازى، بېرىپ مۆھۈرىڭنى ئۇ دەرەخكە كۆرسەتتىم. ئۇ دەرەخ ھېچ جاۋاب بەرمىدى، — دېدى.

قازى ئېيتتىكى:

— خاتالاشتىڭ. ئۇ دەرەخ كېلىپ گۇۋاھلىق بەردى.

قازى جاۋابكارغا قاراپ:

— بۇ كىشىنىڭ ھەققىنى بەرگىن، بولمىسا، مەن كېنىزەكنى ساتتۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئالتۇننى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

جاۋابكار:

— مەن سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرسام، دەرەخ ھېچقاچان كەلمىدى. گۇۋاھلىق ھەم بەرمىدى، — دېدى.

قازى:

— راست ئېيتىسەن، دەرەخ كەلمىدى. ئەمما سەن بۇ ئالتۇننى شۇ دەرەخ تۈۋىدە ئالمىغان بولساڭ، مەن سەندىن «ئۇ كىشى دەرەخ تۈۋىگە يەتكەنمىدۇ؟» دەپ سورىغاندا سەن: ئارىلىقى يىراق، تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ، دېمىگەن بولاردىڭ. ئەگەر ئالتۇننى ئالمىغان بولساڭ «ئۇ كىشى نەگە ۋە قايسى دەرەخ تۈۋىگە باردۇ» دەپ سورىغان بولاتتىڭ. ئۇ ھالدا، ئەلۋەتتە سەن ئۇتقان بولاتتىڭ! — دەپ جاۋابكاردىن ئالتۇننى تاپتۇرۇپ ئېلىپ، ئىگىسىگە بەردى.

— بەس، ھەممە ئىشنى كىتاب بويىچە بىر تەرەپ قىلىمەن، دېمىگىن. ئۆزۈڭنىڭ پەم - پاراستى ھەم ئەنە شۇنداق تۇرلۇك تەدبىر ئارقىلىق ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ چارىسىنى

ئىزلە. ئەمما قازىخانىدا چىرايىڭنى سۇرلۇك تۇتۇپ، كۇلمەي ئولتۇر. ھۆرمەت تاپاي دېسەڭ، ئېغىر - بېسىق بول. كەمرەك سۆزلىگىن. ئەمما دەۋالاشقۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە سوراش جەريانىدا، ئەلۋەتتە، زېرىكمە ۋە تېرىكمە. سەۋرچان بول. ناۋادا بىرەر مۇرەككەپ ياكى مۇشكۇل دەۋا ئىشلىرىغا دۇچ كەلسەڭ، ئۆز رايىڭ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتىن ساقلان. ئىمكان بار مۇپتىلار بىلەن كېڭىشىپ، ئۆز قاراشلىرىڭنى چۈشەندۈر. ھەمىشە راست سۆز-لەشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. بۇ ھەقتە بىر مۇنچە مەسىلە سۆزلىدىم. تەجرىبىلىرىڭنى كۆڭۈلدە بىل. شەرىئەتكە مۇخالىپ، يەنى شەك كەلتۈرۈپ قويىدىغان تەرەپكە ھۆكۈم قىلما. چۈنكى بۇنداق ھۆكۈم راۋا ئەمەستۇر.

قازى بولغان كىشى زاھىدلىق يولىنى تۇتقان، يەنى دۇنيا — پۇل - مالغا بېرىلمەيدىغان، فىقىھ ئىلمىگە ماھىر بولۇشى كېرەك. يەنە قازى بولغان كىشى ئاچ قورساق، ئۇسسۇز ۋە مۇنچىدىن چىققان ۋاقىتتا، غەم - قايغۇلۇق، تەشۋىشلىك، خاپا چاغلىرىدا بىر مەھەل ھۆكۈم ئىشىرى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى لازىم. يەنە قازىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئەرز - داد ئېيتقۇچىلارنىڭ سەرگۇزەشتىسىنى ۋە تۇرلۇك ھال - ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، قازىغا ئەينەن ئىنكاس قىلىدىغان بولۇشى شەرت. چۈنكى قازىنىڭ ۋەزىپىسى بىر - بىرلەپ تەپتىش، يەنى سوئال - سوراق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىگىلىگەن ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشتۇر. شۇڭا قازى بولغان كىشى سۆزنى قىسقا قىلىپ، ھەربىر مەسىلىنى گۇۋاھچى ئارقىلىق دەلىللىگەي ياكى ئەرز - داد ئېيتقۇچىلارنى دەرھال قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇغاي! ناۋادا دۇنياسى، يەنى پۇل - مېلى كۆپ، ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەيدىغان كىشىلەر ئۇستىدىن سوئال - سوراق قىلىش توغرا كەلسە، قازى ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپ تەپتىش ۋە تەھقىق قىلغاي. ھەرگىزمۇ سەھۋەنلىك سادىر قىلمىغاي ھەم يۈز قارىمىغاي. ھەرقانداق ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلىدە بولغاي! چىقارغان ھۆكۈمىنى ھەرگىزمۇ بۇزمىغاي. ھۆكۈمنى پۇختا ۋە مەھكەم قىلغاي. قازى ھۆججەت، ۋەسىقە، يارلىق، پەرمان قاتارلىقلارنى ھەرگىز ئۆزى يازمىغاي. زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، يازغاي. ئەمما ئۆز خېتىنى ئەزىز تۇتقاي ۋە ئۆز سۆزىنى ئىناۋەتكە ئالدۇرغاي!

—[ ئەي ئوغۇل] ، ھۈنەرلەرنىڭ ئۇبدىنىنى ئىلىم ۋە تەقۋادارلىق دەپ بىل. ناۋادا ئىلىم ۋە ھۈنەرلەرگە ھەۋىسىڭ بولمىسا، يەنى بۇ ساھەدە نەتىجە يارىتىشقا كۆزۈڭ يەتمىسە، ئۇ ھالدا تىجارەت يولىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆر. ئەمما تىجارەتتە ھەرقانداق نەرسىنى ھالال يول بىلەن قولۇڭغا كەلتۈر. ھالال يول بىلەن بېيىساڭ كىشىلەر-نىڭ نەزىرىدە ھۆرمەت تاپىسەن. ئەمما بۇ يولدا سەھۋەنلىك سادىر قىلغۇچى بولما!

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب. تىجارەت قىلماقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، سودىگەرچىلىكنى ھۈنەر دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە قارىسا، سودىگەرلەرنىڭ قائىدە - يوسۇن، ئادەتلىرى دائىرىسىدە يەنىلا ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما دانالار ئېيتقانكى: «سودىگەرلىكنىڭ ئەسلى — يىلتىزى نادانلىقتۇر، شاخچىلىرى ئەقىل بىلەندۇر، يەنى سودىگەرلىكنىڭ يىلتىزى نادانلىقتا، شاخچىلىرى ئەقىلگە تۇتاشقان، ناۋادا شۇ ‹ نادان› لار بولمىغان بولسا ئىدى، جاھان خاراب بولغان بولاردى. »

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، سودىگەرلىك بىلەن مەشغۇل بولغان ھەربىر كىشى بىر

مىسقال پۇلنى ئارتۇق تېپىش تەمەسىدا مەشرىقتىن مەغرىبكىچە يۇرۇپ تاغ، باياۋان ۋە دەريالاردا جانلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىغان بولسا، ئوغرى، قاراقچى، شىر، يولۋاسلاردىن، يوللارنىڭ تىنچسىزلىقىدىن قورققان بولسا، مەشرىقتىكى نازۇ ـ نېمەتلەر مەغرىبكە ۋە مەغرىبتىكى نازۇ ـ نېمەتلەر مەشرىققە يەتمەسىدى. مەلۇمكى، جاھاننىڭ ئاۋاتلىقى پەقەت نازۇ ـ نېمەت بىلەندۇر. شۇڭا بۇنداق ئىشلارنى سودىگەردىن بۆلەك كىشى قىلالمايدۇ. پەقەت سودىگەرلەرلا بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلىدۇ. چۈنكى پايدا ئېلىش ئىستىكىدە سودىگەرنىڭ ئەقىل كۆزى ھەرقانداق خەتەرنى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، يەنى پايدا ئالدىدا ئەقىل كۆزى باغلىنىپ قالىدۇ.

سودىگەرچىلىكنىڭ يوللىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرى، مۇئامىلە قىلماق، يەنى ئۆز يۇرتىدا ئالماق ـ ساتماق بىلەن مەشغۇل بولماق؛ يەنە بىرى، مۇساپىر بولماق، يەنى يۇرت ئاتلاپ سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللانماق.

مۇئامىلە قىلماق — زەردارلار، يەنى قول ئىلكىدە بار، پۇلدار، بايلارنىڭ تىجارەت يولىدۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرى باھادا سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىش تەمەسىدا مالنى كاسات، يەنى ئەرزان ۋاقتىدا كۆپلەپ ئېلىپ بېسىپ قويىدۇ. مۇنداق قىلىش تولىمۇ خەتەرلىك، يەنى تەۋەككۇلچىلىكتۇر. ئەمما يىراقنى ئويلايدىغان — يىراقنى كۆرىدىغان كىشىلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، يەنى ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىش تەمەسىدا مال ئېلىپ بېسىپ قويمايدۇ. ئەمما سودىگەرچىلىكنىڭ يولى شۇكى، تىجارەت يولىغا كىرگەن كىشى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى ئەھۋالدا، يەنى مۇئامىلىدىمۇ، مۇساپىرچىلىقتىمۇ يۈرەكلىك، جەسۇر بولغاي؛ ديانەت ۋە راستچىللىقنى ئۆزىگە لازىم تۇتقاي؛ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزگەلەرنى زىيانغا ئۇچراتمىغاي؛ ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەمەسىدا باشقىلارغا مالامەت، يەنى ئاۋارىچىلىق يەتكۈزمىگەي، مۇئامىلىنى ئىمكان بار ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەر بىلەن قىلغاي؛ ئەگەر ئۆزىدىن ئۇلۇغ، يەنى يۇقىرى كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ديانەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلغاي؛ ھىيلىگەر، مەككار كىشىدىن ئېھتىيات قىلغاي؛ شۇنىڭدەك، دۇنياسى يوق كىشى بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلمىغاي؛ دوستلار بىلەن ھەم مۇئامىلە قىلمىغاي، ئەگەر مۇئامىلە قىلىش توغرا كەلسە، سودىدىن، يەنى پايدا ئېلىش تەمەسىدىن كۆڭۈل ئۈزگەي! تولا ھاللاردا دوستلۇق كىچىككىنە پايدا ياكى ئازغىنە زىيان تۈپەيلى ۋەيران بولىدۇ.

— شۇنى بىلگىنكى، [تىجارەت ئىشىدا] كۆپ پايدا ئېلىش تەمەسىدا نىسىي مۇئامىلە قىلما. كۆپ پايدا تەمە قىلىشتىن زىيان كېلىپ چىقىدۇ. سودا ئىشلىرىدا ئىسراپچىلىقتىن ساقلان. چۈنكى زىياننىڭ ئەڭ چوڭى — ئىسراپچىلىقتۇر. تىجارەتتە پايدىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، دىرىنى، يەنى ئەسلى پۇلنى خەجلىگۈچى بولما. سودىگەرلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ زىيان دىرىنى، يەنى ئەسلى پۇلنى خەجلەشتۇر. مال سېتىۋالساڭ، ماتا (رەخت) لارنىڭ ياخشىسىنى تونۇپ ئال. ھەرگىزمۇ دېگەنلىرىمنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلمىغىن. يەنە سودا (پايدا ئېلىش) ئۈمىدىدە ئاشلىق سېتىۋالما. چۈنكى ئاشلىق ساتقۇچىلار ھەمىشە يامان ئاتلىق بولۇپ قالىدۇ. سودىدا ديانەتلىك بولاي دېسەڭ، ئالغان ياكى ساتقاندا يالغان ئېيتمىغىن. مەيلى كاپىر، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، ئالدى ـ ساتتىدا، يەنە ئالماق ـ ساتماقتا يالغان ئېيتقاننى ئوخشاشلا يامان كۆرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنۇ ئىككى بېيتنى ئېيتاي، نەزمە:

ئەي، كۆڭلۈم ئارا ئىشقىڭ ئوتى سالغان نۇر،
ئول نۇر ئارا مۇسا، مەنۇ كۆڭلۈمدۇر تۇر.
ئىشقىڭنى كۆڭۈل جان بېرىپ ئالمىشمەن،
ئالغۇچىغە يالغان دېمەك ئېرمەس مەشھۇر.

ئالماق ـ ساتماقتا نىسى ئىش قىلما، يەنى سودىدا پۈتۈشمەي تۇرۇپ ماتا (رەخت) لىرىڭنى قولدىن چىقارما. مۇئامىلە، يەنى سودىدا تولىمۇ تارتىنچاقلىق قىلما. ئۇلۇغلار: «ئۇياتچانلىق، تارتىنچاقلىق كۆپىنچە رىزقنى كەم قىلىدۇ» دېگەن. شۇنىڭدەك بىمۇرۇۋۋەتلىكنى، يەنى ئىنساپسىزلىقنى ھەم ئۆزۈڭگە لازىم تۇتما. بۇ ھۈنەرنىڭ، يەنى سودىگەرچىلىكنىڭ پېشىۋالىرى: «سودىگەرچىلىكنىڭ ئەسلى تەسەررۇپ قىلماق ۋە مۇرۇۋۋەت قىلماقتۇر» دېگەن.

تەسەررۇپ — جەمئىي قىلغان مالنى ساقلاشقا، يەنى پايدا يارىتىشقا؛ مۇرۇۋۋەت — سېخىيلىك يولى بىلەن ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى ساقلاشقا ئېيتىلغان. ئاڭلىشىمچە،

ھېكايەت:

بىر سودىگەر بىر سېتىقچى بىلەن مىڭ دىنارلىق مۇئامىلە قىلغانىدى. ۋاقىتىكى مۇئامىلىنى ھېساب قىلىدىغان سورۇك توشتى. سودىگەر بىلەن سېتىقچى ئالغان ـ بەرگىنىنى ھېسابلىشىپ ئۈچ نوقۇت ئالتۇندا كېلىشەلمىدى. سېتىقچى:

— مەندە بىر دىنارىڭ قالدى، — دېسە، سودىگەر:

— سەندە بىر دىنار، يەنە ئۈچ نوقۇت ئالتۇنۇم قالدى، — دەيتتى.

سودىگەر بىلەن سېتىقچى مۇشۇ تەرىقىدە بامدات نامىزىدىن تاكى پېشىن نامىزىغىچە دە ـ تالاش قىلىشتى. ئاخىر سېتىقچى يۈرىكى سىقىلىپ، دە ـ تالاشقا چىدىماي بىر دىنار، يەنە ئۈچ نوقۇت ئالتۇننى سودىگەرگە بەردى. سودىگەر ئۆيىگە ياندى.

سېتىقچىنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. ئۇ سودىگەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ:

— ئەي خاجە، ماڭا «شاگىرت ھەققى» (شاگىرتقا تېگىشلىك ئۈلۈش، نېسىۋە) بەرگىن، — دېدى. سودىگەر ھېلىقى بىر دىنار ـ ئۈچ نوقۇت ئالتۇننى سېتىقچىنىڭ شاگىرتىغا بەردى. شاگىرت ئالتۇننى ئېلىپ سېتىقچىنىڭ قېشىغا كەلدى. سېتىقچى:

— ئەي پالانى، مېنى ئۈچ نوقۇت ئالتۇن ئۈچۈن ئەتىگەندىن تا بۇ چاغقىچە كايىتقان كىشىنىڭ قېشىغا نېمە تەمە قىلىپ باردىڭ؟ — دېدى. گۆدەك (شاگىرت) سودىگەر بەرگەن ئالتۇننى ئۇستىسىغا بەردى. سېتىقچى بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «سۇبھاناللا، بۇ كىشى شۇ قاتارلىق بېخىل تۇرۇپ، مۇنچە ئالتۇننى بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بەرگەندۇر؟» دەپ، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە سودىگەردىن:

— ئەي شەيخ، سىزدىن ئاجايىپ بىر ۋەقەنى كۆردۈمكى، سىز ئەتىگەندىن تا بۇ سائەتكىچە نەچچە كىشى بىلەن مېنى ئۈچ نوقۇت ئالتۇن ئۈچۈن كايىتقانىدىڭىز، ئەمدىلىكتە بۇ ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ شاگىرتىمغا بېرىپسىز. شۇ باش ئاغرىقىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى ۋە بۇ ساخاۋەتنىڭ مەنىسى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى. سودىگەر ئېيتتى:

— ئەي خاجە، مەن سودىگەردۇرمەن. سودىگەرچىلىكنىڭ تەرىقىسى ئالماق ۋە ساتماقتۇر. ئەگەر سودىدا بىر دەرەم چاغلىق زىيان تارتسا، سودىگەرنىڭ يېرىم ئۆمرى بىكارغا كەتكەنگە باراۋەردۇر. ئەگەر مۇرۇۋۋەت (سېخىيلىق) قىلىدىغان ۋاقىتتا مۇرۇۋۋەت قىلمى-

سا، ئۆز ئەسلىنىڭ (ماھىيىتىنىڭ) ناپاكلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى بىلەن باراۋەردۇر. بەس، مەن ئۆزۈمنىڭ زىيان تارتقۇچى بولۇشنى ھەم خالىمىدىم. نەسلىمنىڭ ناپاك بولۇشنى ھەم خالىمىدىم.

— ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلگىنكى، سودىگەر بولساڭ شىرىكچىلىكتىن، يەنى شىرىكلەشىپ سودا قىلىشتىن پەرھىز قىل. ناۋادا شىرىك سودا قىلىش توغرا كەلسە، تاپقان پايدىنى ئۆلىشىپ ئالىدىغان ۋاقىتتا پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، ئۇ ھالدا باي كىشى بىلەن شىرىك بول. ھەم كىشىنىڭ سەرمايىسىغا بىر نېمە ئالما. شۇنىڭدەك ئۆلۈك ۋە سۇنۇق (ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان) نەرسىگە مەبلەغ سالما. ھەمدە كىچىككىنە دۇنيا ـ مەبلەغ بىلەن ئۆز بەختىمنى سىنايمەن، دەپ تەۋەككۈلچىلىككە يول قويما. ئەگە بىرەر كىشى: «بۇ خەتنى پالانى شەھەرگە ئالغاچ بېرىپ، پۇكۇنىغا بېرىپ قويۇڭ» دېسە، خەتنى ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن ئالغىن. چۈنكى خەتتە بىرەر كىشىگە بالا ۋە زىيان يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆزلەر پۈتۈلگەن بولمىغاي.

ھەرقانداق شەھەرگە بارساڭ، يامان خەۋەر ئېلىپ بارما. قىسقىسى، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ بارما. خۇشخەۋەر بولسا ئېلىپ بېرىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. شۇنىڭدەك ھەمراھسىز يولغا كىرمە. يەنى ھەمراھسىز سەپەرگە چىقما. سەپەردە كارۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭ. چۈشكۈن قىلساڭ، يەنى قونالغۇدا ماتالىرىڭنى كارۋان ماتالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوي. ئەمما كارۋان بېشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرما. چۈنكى قاراقچى ئاۋۋال كارۋان باشىغا قەست قىلىدۇ. ناۋادا پىيادە بولساڭ، ئاتلىقلارغا ھەمراھ بولما، ھەم تونىمىغان كىشىدىن يول سورىما. نۇرغۇن ناپاك كىشىلەر باركى، بۇنداق ئادەملەر ساڭا ئەمەس يولنى كۆرسىتىپ قويۇپ، كەينىڭدىن بېرىپ قەست قىلىدۇ ياكى ماتالىرىڭنى بۇلاپ كېتىدۇ.

يول (سەپەر) ئۈستىدە ئۇچراشقان ئادەملەرگە ئوچۇق چىراي سالام قىلغىن. ئەمما ئۆزۈڭنى قورققان ۋە ھارغان سۇرەتتە كۆرسەتمە.

زاھىدلارغا خىيانەت قىلما. ئىلتىپات ۋە ياخشى سۆزلەرنى ئۇلاردىن ئايىما. گەرچە مەنزىلىڭ يىراق بولمىسىمۇ، ئوزۇقسىز يولغا چىقما. تومۇزدا (يازدا) قىشلىق كىيىمسىز ۋە قىشتا يازلىق ئىگىنسىز سەپەرگە ئاتلانما. كىراغا ئالغان كىشىنى رازى قىل.

ۋاقتىنكى، بىرەر يەرگە (قونالغۇغا) چۈشسەڭ، تىنچ ۋە دىيانەتلىك سېتىقچىنى تاپقىن. ناۋادا سۆھبەت قۇرماقچى بولساڭ، مۇنداق ئۈچ تائىپەنى سۆھبەتكە شىرىك قىل: بىرى، مەرد، ھىيلە ـ مىكىردىن خالىي كىشى؛ يەنە بىرى، باي، مۇرۇۋۋەتلىك، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، كۆپنى كۆرگەن — يول بىلىدىغان كىشى.

— ئەي ئوغۇل، ھەرقاچان ئىسسىق ـ سوغۇققا، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا چىدامliq بول. ئاسايىشلىق، باي ـ باياشات ۋاقتىڭدا ئىسراپ قىلما. ئىسراپچىلىقتىن ساقلان. زورۇرىيەت بولۇپ قالسا، يول تاپالايسەن ھەم رەنج ـ مۇشەققەتكە قالمايسەن. ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشنى ئىمكان بار ئۆزۈڭ قىل. كىشىگە ھاۋالە قىلما. چۈنكى زامانە كىشىلىرىنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بېزەلگەندۇر. ئەمما سودىگەرچىلىكنىڭ سەرمايىسى راستچىللىق ۋە دىيانەتتۇر. شۇڭا ئالماق ۋە ساتماقتا، يەنى ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا مۇلايىم ۋە راست سۆز بولغايسەن؛ سودا ئىشلىرىدا پەيتنى چىڭ تۇت. ۋاقتىدا ئېلىپ، ۋاقتىدا سات. ھەرقاچان نىسى ئېلىپ، نىسى ساتماقتىن ساقلان. ئالىم ۋە مەرتىۋىلىك كىشىلەر بىلەن

مۇئامىلە قىلما. سودا تۈپەيلى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى سەندىن رەنجىسىپ قالمىغاي. ناۋادا مۇئامىلە قىلساڭ، ئىمكان بار ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەرىپىدە بول. يېقىندىن باي بولغان، خەير - ساخاۋىتى يوق كىشىلەر بىلەن ۋە قازىنىڭ خاس كىشىلىرى، كىچىك باللار ۋە كىشىنىڭ خىزمەتكارى بىلەن ھەرگىز مۇئامىلە قىلما، ھەرقانداق كىشى بۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلسا، باش ئاغرىقى ۋە پۇشايماندىن خالاس بولالمايدۇ. يەنى كۆرمىگەن ۋە تونۇشمىغان ياكى سىناپ كۆرمىگەن كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلان. بىر قېتىم سىنىقىڭدىن ئۆتكەن كىشى بولسا، قايتا سىناپ يۈرمىگىن. سىنالغان كىشى بىلەن سىنالمىغان كىشىنى ئارىلاشتۇرىۋەتمە. يەنى ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشتىن ساقلان. دانالار ئېيتقانكى: «سىنالمىغان ئادەمدىن سىنالغان شەيتان ياخشى». كىشىنى سىنىماقچى بولساڭ، ئۆز قۇدرىتىڭ يېتىدىغان ئىش بىلەن سىنا. بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇپ كۆر. ھەرگىزمۇ سۆز - گەپ ئارقىلىق، يەنى سوئال - سوراق بىلەن سىنىغۇچى بولما. «يۈز توزقۇشى چاغلىق نىسىدىن بىر قۇشقاچ چاغلىق نەق سودا ئۈبداندۇر.»

قۇرۇقلۇق سەپىرىدە ئون يېرىم ئاقچا تاپساڭ، ئون بىرنى تاپماق تەمەسىدە دەريا سەپىرىنى ئىختىيار قىلما. چۈنكى دەريا سەپىرىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەكتۇر. ئەگەر قۇرۇقلۇقتا سەپەر قىلساڭ، مىلىڭ زىيانغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ جېنىڭ ئامان قالىدۇ. ئەمما دەريا سەپىرى پادىشاھلارغا ئوخشىتىلىدۇ: پايدا بىراقلا قولغا كېلىدۇ ياكى بىراقلا قولدىن كېتىدۇ. لېكىن قۇدرىتىڭ يار بەرگەن ئەھۋالدا ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن دەريا - دېڭىز سەپىرى قىلىشمۇ راۋادۇر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام: «دەريا - دېڭىزلارغا سەپەر قىلىڭلار، بىرەر مەرتىۋە بولسىمۇ خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈڭلار» دېگەن.

— ئەي ئوغۇل، ئالماق - ساتماقتا ھوشيار بول. سېتىپ بولغان نەرسەڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلما. ئىمكان بار ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ قىل. باشقىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ قويما، دانالار ئېيتقانكى: «كىشىنىڭ قولى بىلەن يوك كۆتەرگىن، كىشىنىڭ پۇتى بىلەن تىكەن دەسسىگىن.»

ھەرقاچان پايدا - زىياننى ئېنىق ھېساب - كىتاب قىلىپ خاتىرىلەپ ماڭ. سەۋەنلىكتىن خالىي بولالايسەن. خىزمەتكارلىرىڭدىن ھەمىشە ئىشنىڭ، يەنى سودىنىڭ نەتىجىسى ۋە ھېسابىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇر. ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراپ ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولما. سودا قىلىشتىن ئىلگىرى پايدا - زىيان ئۈستىدە كۆڭلۈڭدە سان بولسۇن. خىيانەت قىلىشتىن ئېھتىيات قىل. چۈنكى كىشىگە خىيانەت قىلساڭ، ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭگە قايتىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، نۇرغۇن قويى بار بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ يىل بويى روزىنى كەم قىلمايدىغان، ديانەتلىك بىر قويچىسى (پادىچىسى) بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى قويلارنى سېغىپ سۈتىنى خوجايىنىغا ئەكېلىپ بېرەتتى. خوجايىن بولسا، پادىچى ئەكەلگەن سۈتكە باراۋەر سۇ قوشۇپ ئۇ قويچىغا ساتقۇزاتتى. قويچى بۇ ئىش تۈپەيلى خوجايىنىغا: «خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتى ياماندۇر» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئەمما خوجايىن قويچىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى. باھار پەسلى ئىدى. بىر كېچىسى قويچى قويلارنى ئېغىلغا سولاپ، ئۆزى ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ ياتقانىدى. يامغۇر يېغىپ، قاتتىق بوران ئارىلاش سەل كېلىپ كۆتۈلمىگەندە قويلارنى ئېقىتىپ ھەممىسىنى ھالاك قىلدى. ئەتىسى قويچى قۇرۇق قول كەلدى. خوجىسى:

— بۈگۈن نېمە ئۈچۈن سۈت ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. قويچى ئېيتتى.

— ئەي خاجە، مەن دېمىدىممۇ، سىزگە سۈتكە سۇ قوشماڭ، دېسەم نەسىھىتىمنى قوبۇل قىلمىدىڭىز. سۈتكە قوشقان شۇ سۇلار يىغىلىپ سەل بولۇپ قويلىرىڭىزنى ئېقىتىپ كەتتى.

بۇ ھېكايىنى ئېيتىشتىن مەقسىدىم شۇكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا خىيانەت قىلما. كىمىكى بىر قېتىم خىيانەت قىلسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا مەڭگۇ ئىشەنمەيدۇ. راستچىللىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. چۈنكى كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى راستچىللىق تارازىسى بىلەندۇر. ئالماق - ساتماقتا خۇش مۇئامىلىلىك بول. بىرەر ئىش ئۈستىدە ھېچ كىشىگە ئالدىن ۋەدە قىلما. ناۋادا ۋەدە قىلساڭ، ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمىغىن. خېرىدارغا راست سۆزلە. تا خۇدايىتائالا بەرىكەت بەرگەي!

نەگىلا بارساڭ دوست تۇتقىن. ئەگەر ئېلگىرى بېرىپ باقمىغان يەرگە بارماقچى بولساڭ، ئۇلۇغلارنىڭ خەت - نىشانىسىنى ئېلىپ بارغىن. تا ئۆزۈڭنى تونۇتماق بىرلە مەشھۇر بولغايسەن.

كىشىلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆت. جاھىل، ئەخمەق، كۆرۈمسىز ۋە غەرەز بىلمەيدىغان، بىناماز كىشىلەر بىلەن ھەمسەپەر بولما. دانالار: «ئاۋۋال دوست تاپ، ئاندىن سەپەر قىل» دېگەن. ناۋادا بىرسى ساڭا «ياخشى ئادەم» دەپ ئىشەنچ باغلىسا، سەن ھەم ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويما. بىرەر نەرسە ئالماقچى بولساڭ، كۆرمەي تۇرۇپ ئالما، يەنى ئاۋۋال كۆرۈپ، ئاندىن ئال. بىرەر نەرسە ساتماقچى بولساڭ، نەرقىنى ئېنىق بىلىپ، ئوبدان ئويلىشىپ ئاندىن سات. گەپ - سۆزدىن خالىي بولاي دېسەڭ، سودا - سېتىقنى شەرت بىلەن قىلما.

ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئوبدان ئۆگەن. ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى پىششىق بىلگەن ئادەم سودىگەرچىلىكتىمۇ يول تاپالايدۇ. ئۆيگە لازىملىق نەرسىنى ئەرزانچىلىق ۋاقتىدا ئال. پەيتىنى تېپىپ بىر يىللىق خىراجەت ئۈچۈن ئىككى يىل خىراجەت قىلغۇدەك نەرسە سېتىۋالساڭ، بۇ ھېچقاچان ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. مانا بۇ ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر تىجارەتتە زىيانغا ئۇچرىساڭ، دەرھال ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلغىن. ياكى تىرىشىپ پايدىنى كۆپەيت، ناۋادا پايدا يارىتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، خىراجەتنى كېمەيت.

— ئەي ئوغۇل، مۇبادا سودىگەرچىلىك قىلىشنى خالىمىساڭ، ئىلىم ئۆگەن. شەرىئەت ئىلمىدىن قالسا، ئىلىمنىڭ ياخشىسى تېبابەتچىلىك ئىلمىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئىككى قىسىمدۇر: بىرى، بەدەن (يەنى تېبابەت) ئىلمى؛ يەنە بىرى، دىن ئىلمى (يەنى دىنىي ئىلىم)».

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بۆكۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)

# تارىخى رەشىدىي①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۈيۈك ئەۋلىيا ۋە يېتەكچى، دىن ۋە مىللەتنىڭ يالقۇنى ھەزرىتى شىھابىددىن مەھمۇد، يەنى تونۇلغان نامى خاجە خاۋەند مەھمۇد — ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — غا مۇرىد بولغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى

بىلمەك كېرەككى، خاجە مۇھەممەد يۇسۇف ۋەقەسىدىن كېيىن، پېقىر ھەمىشە خاننى خاجەئى نۇرەنگە مۇرىد بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇپ كېلىۋاتاتتىم. خان:

— سەلتەنەت ئىشىنى تاشلاپ، سەپەرگە چىقىپ، بىر كامىل مۇرشىدنى تېپىپ، شۇنىڭغا خىزمەت قىلسام دەيتتىم. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى تائالا ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئىنايىتى بىلەن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننى ھېچقانداق سەيى ـ سەۋەبسىزلا بىزگە يەتكۈرۈپ بەردى. ئەمما، ئۆزۈمنى ھەرقانچە دەڭسەپ كۆرسەم، ئۆزۈمدە ھەزرىتى خاجەدىن ئىلتىماس قىلغۇدەك لاياقەتنى تاپالمايۋاتىمەن. شۇڭا، شۇنداق نىيەتكە كەلدىمكى، ئالدى بىلەن ئەخلاقىمنى ئۆزگەرتىپ، سۈپەتلىرىمنى ياخشىلاشقا تىرىشىمەن، ئۆزۈمنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرىمەن. قاچانكى مەن ئاشۇ لاياقەتنى ھازىرلىسام، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن مېنى ئىلتىماس قىلدۇرمايلا، ئۆزلىرى ئىنايەت نەسىمىنى ئىلتىپات قىلغۇسىدۇر. ئەگەر مەندە لاياقەت بولمىسا، ئىلتىماس قىلغىنىمنىڭمۇ پايدىسى يوق. تەڭرى تەئالا خاجەئى نۇرەننى ماڭا سەيى ـ سەۋەبسىزلا يەتكۈزدى. ئەمدى بۇ شەرەپلىك ئىشنىمۇ ماڭا نېسىپ قىلار دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەگەر بۇ بەخت ـ سائادەت ماڭا مۇيەسسەر بولسا، كۆڭلۈمدىكى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى، — دەيتتى.

پېقىر ئاقسۇغا باردىم، نەچچە ئايدىن كېيىن خاندىن پېقىرغا بىر نىشان باردى. ئۇ ئاقسۇنىڭ ئىش ـ كۈشلىرى ھەققىدە پۈتۈلگەن يارلىق ئىكەن. خان ئۇ نىشاننىڭ ئەتراپىغا

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئۆز قولى بىلەن يېزىپتۇ. نەزم:

«بىيتۇ دەر سىينە نەفەسرا چەگۇزەر،
دەر دىلەم غەيرتۇ كەسرا چەگۇزەر.

(سەنسىز كۆكسۇمدە نەپەس نە قىلار، كۆڭلۇمدە سەندىن ئۆزگە كىشى نىمە قىلار؟) مەقسەت قىلغان ئۇ ئىشنى ھەزرىتى خاجە ماڭا ئەسلا ئىلتىماس قىلدۇرماستىن ئىلتىپات قىلدى، ئۇ بۇرادەرگە مەلۇم بولسۇن.»

ئۇ نىشان ھازىرمۇ پېقىردا بار. بۇ سۆزلەرنى ئاشۇ نىشاندىن نەقىل قىلىپ يازدىم.

دېمەك، پېقىر ئاقسۇدا ۋاقتىمدا ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن خاننى مۇرىدلىققا قوبۇل قىلىپ، ئاندىن كېيىن بەدەخشان يولى بىلەن ھىندىستانغا قاراپ سەپەر قىلغان ئىكەن. پېقىر بۇ ئومۇمىي ۋىدالىششىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالدىم.

سۆز بۇ يەرگە يەتتى. بىرقانچە قائىدىگە بىنائەن، ئەمدى خاجەئى نۇرەننىڭ سىلسىلەلىرىنىڭ زىكرى ۋە ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىشىم زۆرۈر ۋە لازىم كۆرۈندى.

بىرى، ئەسلى سۆز، يەنى بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇ تەزكىرە بىلەن تېخىمۇ روشەن ۋە ئاشكارا بولغۇسى. چۈنكى بۇ كىتابنىڭ شاراپىتى ۋە لاتاپىتى مەلۇملۇقكى، ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرىنىڭ زىكرى تىلغا ئېلىنمىسا، ئۇنىڭ قانچىلىك قەدىر - قىممىتى بولار؟ سودىگەرلەرمۇ كاسات ماتالىرىنى بىر ۋىلايەتكە ئېلىپ بارماقچى بولسا، بۇ ماتالىرىنىڭ ئارىسىدا بىرەر يېقىملىق ماتانىڭ بولۇشى ئۇچۇن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىدۇ. چۈنكى خېرىدارلار بۇ يېقىملىق ماتا تۈپەيلىدىن ئۇ كاسات ماتالارنىمۇ سېتىۋالىدۇ. نەزم:

قىل قەبۇل ھەممەنىڭ تىفەيلى بىلەن،
ئەي مېنىڭ، ھەممەنىڭ ئىلاھى سەن.

يەنە بىرى، ئاللاھ يولىدىكى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ كىتابلىرىدىن كۆرۈشۈمچە، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل خالايىقلاردىن بېھىشكە كىرىدىغىنى بېھىشكە، دوزاخقا كىرىدىغىنى دوزاخقا بارىدۇ. شاپائەت ئەھلى گۇناھكارلارغا شاپائەت قىلىدۇ. ئېھتىمال ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدىغان، ئۇنىڭدا شاپائەتكە سەۋەب ۋە نىجاتلىققا باھانە بولغۇدەك ھېچ بىر ئىش - ئەمەل بولمىغان بىرەر كىشىمۇ چىقىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مىننەتسىز ئىلتىپات قىلغۇچى ۋە ئىللەتسىز ئىنايەت قىلغۇچى ھەزرىتى تەڭرى تەئالا: «ئەي گۇناھكار بەندە، پانى دۇنيادىكى مېنىڭ دوستلىرىمدىن بىرەرسىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ بەندە: «ئارى، ئەي خۇداۋەندا، پالان - پالان بۇزرۇكنىڭ ئىسمىنى بىلىمەن» دەيدۇ. شۇ ھامان ئۇ مېھرىبان ئاللاھ دەرگاھىدىن پەرمان كېلىدۇكى: «ئەي بەندە، بارغىن، بېھىشكە كىرگىن. ساڭا ئاشۇ دوستلىرىمنىڭ ئىسمىنىڭ بەرىكىتىدىن بېھىشنى نېسىۋە قىلدىم». دېمەك، پېقىرمۇ ھەر باھانە ۋە ھەرخىل يوللار بىلەن ئاشۇ بۇزرۇكلارنىڭ ۋە ھەق رەھمىتىگە ئېرىشكەن زاتلارنىڭ زىكرىنى قىلىمەن. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ تۈپەيلىدىن تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە مۇۋەپپەق بولارمەن.

نەزم:

يامانلارغا مەھشەردە ھەيبى كەرىم،
بىرۇر ياخشىلار ھۆرمەتىدىن نەئىم.

شەيخ ئەبۇ ئەلى دەققاق [—تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي—] ئۆزىنىڭ مۇناجاتلىرىدا: «ئەي تەڭرىم، ئەگەر مەن مەغپىرەت ۋە رەھمەتكە لايىق بولمىسام، ماڭا دوستلىرىڭنىڭ قاتارىدا بېھىشتىن جاي بەرمىسەڭ، ئۈمىدىم كۆكسىگە رەددىيە قوللىرى بىلەن ئۇرۇپ، دوزاخقا ئەۋەتسەڭ، ھاسا بىلەن رىدانى قولۇمدىن ئېلىۋالما، چۈنكى ھاسا بىلەن رىدا سوفىيلار سۈرىتىدىكى دوستلىرىڭنىڭ كىيىمىدۇر. مەن ئاشۇ ھاسا ۋە رىدا بىلەن بىللە دوزاخقا باراي ۋە كۆيەي، گەرچە ئۇ دوستلىرىڭنىڭ سۈپەتلىرى دەرىجىسىگە يېتەلمىسەممۇ، ھەرھالدا ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىدە بولۇشتىن مەھرۇم قىلمىغايسەن. رۇبائىي:

كويۇڭدا يۈرۈر نەچچە تۈمەن ئەھلى ھەۋەس،
كىم تاپقاي ئىكىن ۋىسالىڭا دەست ئىلە رەس.
ئۆلكىم ئانى تاپتى دەۋلەتى تاپتى ئەزىم،
ھەم تاپماغان ئەلگە تاپماغان داغى بەس.

دېمەك، مەن ئۇلار جۈملىسىدىن بولالمىسامۇ، ھەرھالدا ئۇلارنى ئەسلەيدىغانلاردىن بولاي. ئەي پاك تەڭرىم، بۇ سۆزنى خاتا قىلدىم. ئۇ بۇزرۇكلارنىڭ ئېتىنى تىلغا ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئەسلەش بىلەن كۆڭلۈمنى خۇشال قىلىمەن. رۇبائىي:

جاناكى، ۋىسالىڭا ماڭا مەتلۇب ئېرۇر،
ئول يوقسە، خەيالىڭ ماڭا مەرغۇب ئېرۇر.
گەر دەۋلەتى ۋەسلىنى تاپالماس جانىم،
ئاتىڭنى تىلىم دەركى، بۇ ھەم خۇب ئېرۇر.

يەنە بىرى شۇكى، كۆنلەر دەپتىرىنىڭ ۋاراقلىرى چۇرۇكلەشكۈسى، ئۆتكەنلەر ئەھۋاللى-رىنىڭ ئەسلىمىسى كۆڭۈللەر سەھىپىسىدىن يوقالغۇسىدۇر، دېمەك، سۇلتانلار ۋە خاقانلار-دىن نام ـ نىشان قالماغۇسىدۇر. ۋاقتى كەلگەندە خەلق پالان خاقان بۇزرۇكلار سېپىگە قوشۇلغان ئىكەن دېگەننى بىلسە، شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مەقبۇل بولغۇسى، مانا شۇ مەقبۇللۇقنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ خۇدا خالىسا، مەغپىرەتكە سەۋەب بولۇپ قىلىشىدىن ئۈمىد بار.

يەنە بىرى شۇكى، كېيىنكى كىشىلەر ئۆتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالسا، ئېھتىمال ئۇلارغا ئوخشاش يول تۇتۇپ، ئاللاتائالانىڭ ئەۋلىيالىرىدىن بىرەر بۇزرۇكۋارغا مۇرىد بولۇشقا تىرىشقاي. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى سەۋەبىدىن ئەگەشكۈچىگىمۇ يولباشچىغىمۇ ساۋاب ھاسىل بولغۇسى ۋە بۇ كىتابنى يازغۇچى ۋە كۆچۈرگۈچىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈسى، ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋىشكارى تەڭرى، ئامىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ھەزرىتى خاجە خاۋەند مەھمۇد — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ئەھۋاللىرى ۋە نەسەبلىرىنىڭ زىكرى

بىلمەك كېرەككى، بۇ كىتابنىڭ ھەرقانداق يېرىدە «ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن» دېگەن سۆز كەلسە، بۇنىڭدىن مەقسەت ھەزرىتى خاجە خاۋەند مەھمۇددۇر — تەڭرى ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي. ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئاتلىرى شىھابىددىن مەھمۇددۇر، ئىنتايىن ئۇلۇغلاپ ئېھتىرام تۇپەيلىدىن «خاجە خاۋەند» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغاندۇر. بۇ ئىسىمنى ھەزرىتى ئىشان خاجە ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — قويغان ئىكەن. چۈنكى ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى مەھمۇددۇر. بۇۋىسىنىڭ ئىسمى شىھابىددىندۇر. ھەزرىتى خاجە خاۋەند مەھمۇد بولسا خاجە مۇھەممەدئەبدۇللاھنىڭ ئوغلىدۇر. خاجە مۇھەممەدئەبدۇللاھنىڭ مەشھۇر لەقەملىرى «خاجەكە» بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك ۋە تەقۋادار كىشىسى ئىدى. تارىخقا توققۇز يۈز سەككىز[1] بولغاندا فەرغانە ۋىلايىتىدە ئالەمدىن ئۆتتى. مۇبارەك جەسەدلىرى فەرغانىدىن تاشكەندكە ئېلىپ كېلىندى. خاجە مۇھەممەدئەبدۇللاھ ئەۋلىيالارنىڭ يېتەكچىسى، مۇرشىدلارنىڭ قىبلىسى، تەڭرى دەرگاھىغا يېقىن زات ھەزرىتى خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ پەرزەنتىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ھەرقانداق يېرىدە «ھەزرىتى ئىشان» دېگەن سۆز كەلسە، بۇ سۆز خاجە ئەھرارنى كۆرسىتىدۇ.

پېقىر ھەزرىتى خاجەئى مەخدۇمى نۇرەنىنىڭ گۆھەر تۆككۈچى تىلىدىن ئاڭلىغانىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى: «بوۋام ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللاھ ئالەمدىن ئۆتكەندە، مەن يىگىرمە يەتتە ياشتا ئىدىم.» يەنە ئۇ زاتتىن ئاڭلىغانىدىم، مۇنداق دېگەنىدى: «سەمەرقەنتتىكە تەۋە شەھرىسەبزدە بىر باغ بار. ئۇ باغدا بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار. ئۇ ئۈجمە دەرىخىگە ھەزرىتى بەھائۇل - ھەق ۋەددىن نەقشىبەندى — ئۇ ئەزىز زاتنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىكەن. [ھەزرىتى ئىشان ئۇ باغنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋەررۇك بىلىپ سېتىۋالغان ئىدى.] ئۇ دەرەخنىڭ ئالدىدا بىر كۆل بار. بىر كۈنى كېچىسى كۆل لېۋىدە [ھەزرىتى ئىشان مېنى ۋە خاجە ئەبدۇلھادىنى زىكىرىگە سالدى.] ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن يەنە مۇنداق دېگەنىدى: «ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھاياتلىق زامانلىرىدا ماڭا مەيدە ئاغرىقى چاپلاشتى. ئاغرىقىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ماۋەرائۇننەھرنىڭ تېۋىپلىرى داۋالاشقا ئاجىز كەلدى. شۇڭا، كېسىلىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاخىرى خوراسانغا باردىم. ئىسلام شەيخى، خەلقنىڭ پەخرى ھەزرىتى مەخدۇمى ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن — مېنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈردى. مەن كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىدە بولاتتىم. ئۇ زاتنىڭ رىسالىلىرىدىن نەچچە رىسالىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوقۇپ ئۆتكۈزدۈم». ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەنىنىڭ رىسالىلىرى بولسا شۇنىڭ داۋامىدۇر.

پېقىر بۇ رىسالىدىن شۇنى پەملىدىمكى، ئۇ زات ھەزرىتى مەۋلىۋى جامىدىن كۆپ تەربىيەتلەرنى تاپقان ئىكەن. ئۇ زاتنىڭ بۇ كىتابقا نەقىل قىلىنىدىغان رىسالىسىدىن مەلۇم بولىدۇكى، خاجەئى نۇرەن كۆندىلىك زۆرۈر كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆتكۈزگەنىكەن.

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ھەزرىتى ئىشان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىراققا باردى. ئۇ

① ھىجرىيە 908 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1502 -، 1503 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

يەردە قازى مىرزا ھۇسەيىن يەزدى ۋە مىرسەدرىددىننىڭ سۆھبەتلەردە كۆپ بولاتتى. ئۇ يەردىن شىرازغا باردى. ئۇ مۇنداق دىگەنىدى: «شىرازدا ئالتە يىل تۇردۇم. مەۋلانا ئىمادىددىن مەسئۇد ئىراق زىمىنىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئالەمدىكى تىۋپلەرنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇنىڭدا تىبابەت ئوقۇدۇم. مەۋلانا ئىمادىددىن مەسئۇد بىلەن بىرلىكتە ‹تەجرىد› ناملىق كىتابقا شەرھى يازغانىدۇق ۋە مەۋلانا جالالىددىننىڭ [ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ]، ‹مۇئجىز› ناملىق كىتابقا مەۋلانا جالالىددىن بىلەن بىرلىكتە شەرھى يازغانىدۇق. [ئۇنى مەۋلانا ئىمادىد-دىن مەسئۇدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئوقۇدۇق.»]

خاجەئى نۇرەن شىزار دارۇش ـ شىپاسىدا تىبابەت ئىلىملىرىنى توپلىغانىدى. ئۇيەردىن رۇمغا باردى. ئۇ يەردىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلدى. رۇمدىن مىسىرغا باردى. ئۇ يەردىن شەرەپلىك ۋە كەرەملىك ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپ [ھەج قىلدى]. ئاندىن جىددەئى مۇبـارەك يولى ئارقىـلىق [كېمە بىلەن] دەريادا يۈرۈپ، گۇجەرات يولى بىلەن ھىندىستانغا كەلدى. ئۇ يەردىن كابۇلغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا بابىر پادىشاھ كابۇلدا ئىدى. پېقىرمۇ كابۇلدا ئىدىم. بۇ ئەھۋال يوقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى.

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ بۇ سەپىرى يىگىرمە ئۈچ يىل داۋام قىلغانىدى. بابىر پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالغاندا، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن سەمەرقەندكە كەلدى. ئاندىن تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز بىر[1] بولغانىدى، قەشقەرگە كەلدى. بۇ ئەھۋال يوقىرىدىمۇ زىكىر قىلىپ ئۆتۈلدى. ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى: «سەمەرقەندە ۋاقتىمدا ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇلازىملىرىدىن بولغان مەۋلانا قاسىم ئىككى ئاتنى ئېلىپ كېلىپ: ‹ھەزرىتى ئىشان پەرمان قىلىپ، خاجە خاۋەند مەھمۇدقا ئېيتقىن، بۇ ئىككى ئاتنى ئېلىپ، قەشقەرگە بارسۇن دېدى›، دەپ ئېيتقانىدى.»

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن قەشقەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى تاغام لەقۋا كېسىلىگە دۇچار بولغانىدى، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن كېلىپ، داۋالىغانىدى ساقايدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى يىل قەشقەردە تۇردى، ئۇ زاتنىڭ سائادىتى ۋە بەرىكىتىدىن مۇخلىسلار بەھرىمەن بولدى، ئاندىن كېيىن مەنسۇرخاننىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن تۇرفانغا باردى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ، ئۇ دىياردىكى مۇخلىسلارنى بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگۈچى قەدەملىرىدىن مەنپەئەتدار قىلدى. خان لەشكەركەشلىك سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا تاغام ئىستىسقا كېسىلىگە دۇچار بولغانىدى. شۇڭا، خاجەئى نۇرەن تاغامنى داۋالاش ئۈچۈن قەشقەردە تۇردى. تاغام ساقايغاندىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن ياركەندكە كەلدى. ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد يۈسۈف ياركەندە ئىدى، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ ئالدىغا ئۇيلىغىنىدەك قارشى ئېلىپ چىقمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولدى. ئاخىرى شۇ دەرىجىگە باردىكى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. دېمەك، خاجە مۇھەممەد يۈسۈف ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن يېڭىھسارغا باردى. خانمۇ ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننىڭ مۇلازىمەتلىرىدە شۇ قىشنى يېڭىھساردا ئۆتكۈزدى. بۇ زىمىستاندا خاجەئى نۇرەندىن ئاجايىپ ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن تۇرفانغا بېرىشتىن ئىلگىرى پېقىردىن ۋە مېنىڭ يېقىنلىرىمدىن بىر قانچە خاتالىقلار سادىر بولغانىدى. شۇنداق بايان قىلىـنىدۇكى، ئاللاھ يولىدىكى ئەۋلىيا-

[1] ھىجرىيە 931 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1524 ـ 1525 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

لارنىڭ بىر ئۇلۇغ ماقاملىرىنى فۇتۇۋۋەت، يەنى مەردانىلىك دەپ ئاتايدۇ. فۇتۇۋۋەت شۇكى، خاتالاشقان ۋە گۇناھ قىلغانلارنى ھەرگىز خىجىل قىلمايدۇ، ئۇزرە ئېيتىشقىمۇ ھاجەت قويمايدۇ. دېمەك، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن پېقىرغا كەم ـ كۈتىسىز فۇتۇۋۋەت قىلدى. پېقىر دائىم ئۇ زاتنىڭ مۇلازىمەتلىرىدە ئىدىم. شۇ كۈنلەردە[بىر غەزەل يازغانىدىم. بۇ ئۈچ بېيىت شۇنىڭدىن ئۈزۈندە، بېيىت:

ئەي خۇش ئان كەسكى دەرى مەيكەدەھا جا كەردە،
نەقدى ھەستى گەرەۋى ساغەرى سەھبا كەردە.
فەيزى رۇھۇل ـ قۇدس ئەز ھەمنەفەسى مەن باشەد،
مەن ھەم ئىن كارى تەۋانەمكى مەسىھا كەردە.
لايىقى ئەفۋ مەنەم ئەفۋچە ھاجەت بەمەلىك،
ئەفۋ لايىق نەبۇۋەد بەرگۇنەھى ناكەردە.

(ئەي مەيخانىدا ئولتۇرغان كىشى، ھاياتىم بايلىقى سۇزۇك شارابقا تولغان جامىڭغا گۆرۈ بولسۇن.
پاك روھلارنىڭ پەيزى ماڭا ھەمنەپەس بولدى، مەن شۇ قەدەر كۈچ قۇۋۋەتكە تولدۇمكى، گويا ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ مەدەدكارلىقىغا ئېرىشكەندەك بولدۇم.
مەن شۇ قەدەر كەچۈرۈمگە ئېرىشتىمكى، گويا گۇناھ قىلمىغان ئادەم كەچۈرۈمگە ھاجەت بولمىغاندەكلا بولۇپ قالدىم)
خاجەئى نۇرەنىنىڭ سائادەتلىك نەزىرى بۇنىڭغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك چېھرىلىرىدە رەھىم ـ شەپقەت نىشانىسى پەيدا بولدى. مەن گەرچە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا لايىق دەپ قارىمىساممۇ ئۇ زات ماڭا تۈرلۈك ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى] ۋە شۇ كۈنلەردە پېقىرغا:
— ھەزرىتى مەخدۇمى مەۋلىۋى ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ زاتنىڭ ياتقان يېرىدىن كۆپ قوليازمىلار چىقتى. شۇلاردىن بىرىنى سىزگە پۈتۈپ بېرىمەن، — دېدى ۋە پېقىرغا پۈتۈپ بەردى. پېقىر ئۇنى شەرەپ ۋە تەۋەررۇك بىلىپ بۇ كىتابقا نەقىل قىلدىم. ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن بۇ ئىپتىخارلىق پۈتۈكنى تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتە رەجەپ ئېيىدا① يېڭىھساردا پۈتۈپ بەرگەنىدى. بۇ شەرەپلىك قول يازمىنىڭ سۆزلىرى بۇ كىتابتا ئەينەن نەقىل قىلىندى (بۇ نۇسخىدا تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى.):
بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.)
«لائىلاھە» دېگەن سۆز ھىدايەت بېغىدىكى لالە كەبىدۇر، ئۇنىڭ ئىچىدە يەككە يىگانىلىك ئەلىپىنىڭ مىلىنى② ئۇنىڭ ئىچىدە سۈرمە كەبى قويۇپتۇ. ئۇ مىل ۋە سۈرمە بىلەن كور دىلغا «ئىللەللاھ» نىڭ پاناھلىقىنى كۆرۈش يىقىنلىشىپتۇ. رۇبائىي:

① ھىجرىيە 937 ـ يىلى رەجەب ئېيى مىلادىيىنىڭ 1531 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلار ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.
② مىل — كۆزگە سۈرمە تارتقاندا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئۇچلۇق ئىنچىكە تاياقچە.

كۆر سۇرەتى «لائىلاھە ئىللەللاھ»[1] دىن،
تۆرت ئەيلەگىل ئىككى «ھا» كەبى چەشمى يەقىن.
تا«لامئەلىق» دىن ئولغۇسىدۇر ئول ئەلەمىڭ،
مەشھۇدغە جىلۋەگاھ ئىرۇر ئەرشى بەرىن.

«مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»[2] نىڭ بۇلاقلىرىدا گۇۋاھلىق شارابلىرى قايناپ تۇرىدۇ. خارۇ زارلىق باياۋىنىنىڭ تەشنالىرى ئۇ بۇلاقنىڭ تامچىلىرىدىن بەھرىمەن بولغۇسىدۇر. بەيت:

زىلالى چەشمەئى هايى هۇۋىيەتكىم ئەيان ئولمىش،
مۇھەممەد ئىككى مىمى چەشم سارىدىن رەۋان ئولمىش.

بۇ ئۇلۇغ كەلىمە (جۇملە) يىگىرمە تۆت ھەرىپتۇر، ئۇنىڭ ھەرپ سانى بىر كېچە-كۈندۈز سائەتلىرىنىڭ سانىغا ماس كېلىدۇ. بۇ كەلىمىدىكى ھەر بىر ھەرىپنىڭ خاسىيىتى ۋە بەرىكىتى ھېسابسىزدۇر. بەيت:

بىر سۆز ئېيتاي، ئىشتىمەكنى قىلساڭ ھەۋەس،
گەر ئۆيدە كىشى بار ئىسە بىر ھەرف ئاڭا بەس.

چېكىت چۈشىنگە ئوخشايدۇ. بۇ كەلىمىدە چېكىت يوق. [چۈنكى بۇ (كەلىمىدىن ئىبارەت) ھەسەل چىۋىن تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇلغىشىدىن خالىيدۇر]. بەيت:

سۇنغىل ئەنگۇشتى شەھادەتىنىكى بۇ شەھدغە بەس،
قالماغاي تاكى دىلىڭدا ھەۋەسى تەبىئى مەگەس.

ۋەسسەلام.

قىش ئاخىرلاشقاندا پېقىر ئاقسۇغا كەتتىم. شۇ كۈنلەردە خان ۋە خانىنىڭ مۇلازىملىرىدىن كاتتا شەرەپلىك كىشىلەر ۋە باشقا مۇخلىس - ئېتىقادمەنلەردىن ئىلتىماس قىلالىغۇدەك دەرىجىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى خاجەئى نۇرەندىن ئىلتىماسلار قىلىپ مەنپەئەت ئالدى. شۇ ۋاقىتتا بىر قانچە پايدىلىق رىسالىلەرنى يازغانىكەن. شۇلار ئىچىدىن بۇ بىر رىسالە بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى:

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىنسان قەلبىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتقان تەڭرى تائالاغا مەدھىيە - ماختاش ۋە

---

① لا ئىلاھە ئىللەللاھ — بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق.
② مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ — مۇھەممەد پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەلچىسى.

تەشەككۇرلار بولسۇن؛ ئاللاھنىڭ دوستى، بەندىلەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى، ئۇلارغا توغرا يولنى ۋە ئازغۇنلۇق يولىنى بايان قىلغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، ھەق يولغا، دىن ۋە مۇكەممەل ئىمانغا باشلىغۇچى ساھابىلىرىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن، دانا ۋە كۆزى روشەن دوستلارنىڭ سەمىگە شۇنى بايان قىلىمىزكى، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولغا — نىڭ پەيغەمبەرلىك قەندىلىلىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ سۆزلىرىدىن تاللاپ، بۇ ۋاراقلار يۈزىگە بىرقانچە جۇملە يېزىلدى. بۇنىڭدىن يازغۇچىغا ۋە دىققەت بىلەن ئوقۇپ چۈشەنگۈچىگە بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ساۋاب (ياخشىلىق) ھاسىل بولغۇسى.

تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ دۇئا ۋە سالاملىرى بولغاي — مۇنداق دېگەن: «ئاچلىق ۋە تەشنالىقنى ئىختىيار قىلىش بولى بىلەن ئۆز نەپسىڭلارغا قارشى جىھات (كۈرەش) قىلىڭلار». بۇ ھەدىس ئاچلىقنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە كۆپ يېيىشنىڭ زەرەرلىرى ھەققىدە ئېيتىلغاندۇر. چۈنكى، شەھۋەتنىڭ ھەممىسى كۆپ يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ. شەھۋەت — مەيلى ئۇ جىسمانىي شەھۋەت بولسۇن ياكى يېمەكلىككە بولغان شەھۋەت بولسۇن — دەرۋىشنى توغرا يولدىن چىقىرىۋېتىدۇ. دەرۋىشلەر تائام يېيىشتە جەزمەن ئوتتۇراھال چەكتە كۈپايە قىلىشلىرى زۆرۈر ۋە لازىمدۇر. ساھابىلەر — ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولغاي — ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ خوجىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — دىن: «ئەي ئاللانىڭ پەيغەمبىرى، ئادەملەر ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىكى قايسى؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — جاۋاب بېرىپ: «ئاز يېگەن ۋە ئاز كۈلگەن، كېيىم كىيىشتە ئەۋرەتنى ياپقۇچىلىك كىيىمگە رازى بولغان كىشى ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىدۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاچلىقتۇر ۋە نەپسىنى خار تۇتۇش، ئاددى يۇڭ كىيىملەرنى كىيىشتۇر» دېگەنىدى. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى شۇكى، بەندە خۇدايى تائالاغا ئاچلىق ۋە تەشنالىق ھالىتىدە ئىبادەت قىلسا، بۇنداق ئىبادەتنىڭ خۇدايى تائالا دەرگاھىدا قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئادىتىدۇر. يۇڭدىن توقۇلغان قوپال كىيىملەرنى كىيىش ئارقىلىق كۆڭۈلگە كۆپرەك سۇنۇقلۇق ۋە يۇمشاقلىق ھاسىل بولغۇسىدۇر. دەرۋىشلەرنىڭ تەلەپلىرى كۆڭلى سۇنۇقلۇق بولۇپ، بۇنىڭ قەدىر-قىممىتى يۇقىرىدۇر. مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئىمام ھۇسەيىن — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن ئىكەن: «پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا ئورۇن تۇتۇش جەھەتتە سىلەرنىڭ ئىچىڭلەردىكى ئەڭ ياخشى كىشى شۇكى، ئۇ كىشى دۇنيادا ئۆمرىنى ھەمىشە ئاچلىق بىلەن ۋە تەپەككۇر بىلەن ئۆتكۈزگەندۇر. تەڭرى دەرگاھىدا ئەڭ يامان، ئەڭ دۈشمەن كىشى تائامنى تولا يەيدۇ.» بۇ ھەدىستىكى تەپەككۇردىن مەقسەت شۇكى، بۇ تەڭرىنى ياد ئېتىش، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاش ۋە ئاخىرەتكە تەييارلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاچلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ ئېيتىلغان. شۇ خىلدىكى ھەدىسلەردىن بىرى ئۇسامە ۋە ھۇرەيرە — ئاللاھ بۇ ئىككىيلەندىن رازى بولغاي — قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەدىس شۇكى، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئادەملەر ئىچىدە قىيامەت كۈنى پاك تەڭرى تائالانىڭ رەھمىتىگە ئەڭ يېقىن كىشى

شۇكى، ئۇ كىشى دۇنيادا كۆپىنچە ئاچلىق ۋە تەشنالىقتا ئۆتكەندۇر. چۈنكى ئۇ كىشى نەپسىگە
قارىمۇ قارشى يول تۇتقان، نەپسىنى خار قىلغان، نەپسىنىڭ تەقەززاسىغا بويسۇنمىغان، يېمەك -
ئىچمەككە توت پۈتلۈق هايۋانلاردەك هېرىسمەنلىك بىلەن يۈگۈرمىگەن. جاهاندا هەمىشە
غەمكىن هالدا ۋىسال شەربىتىنى ۋە جامىنى ئويلىغان كىشىدۇر. ئۇنداق كىشىلەر مەخپىيدۇر
ۋە هەر خىل هۈنەر - كەسىپ ئىگىلىرىدۇر. ئۇلار ئىبادەتلىرىنى خالايىقنىڭ نەزىرىدىن
يوشۇرۇن هالەتتە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار خالايىق ئارىسىدا پەيدا بولسا، هېچكىم ئۇلارنى
تونۇمايدۇ، ئەگەر ئۇلار غايىپ بولسىمۇ هېچكىم ئۇلارنى ئىزدەپ تاپمايدۇ. ئۇلارنى شەهەر
ۋە يۇرتلاردا هېچ كىشى تونۇمايدۇ. ئەگەر شۇنداق كىشىلەردىن بولىدىغان بولسا ۋە توغرا
يولدا بولسا، ئۇلار خالايىق نەزىرىدىن يوشۇرۇن هالەتتەدۇر.» چۈنكى ئاسماندىكى پەرىشتىلەر
ئۇلارنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن يوشۇرىدۇ. خەلقنىڭ راهىتى دۇنيانىڭ نازۇ - نېمەتلىرى
بىلەندۇر. ئۇلارنىڭ راهىتى بولسا پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىگە ئىبادەت قىلىشتۇر. ئاۋام خەلق
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ پائالىيەت ۋە ئەخلاقلىرىنى زايا قىلغۇسىدۇر. ئۇلار هەمىشە خالايىق-
نى مۇهاپىزەت قىلىشنىڭ تىرىشچانلىقىغا مەشغۇل. ئەگەر ئۇلار ئالەمدە بولمىسا، زېمىن
يىغلايدۇ. هەرقانداق شەهەردە ئۇلاردىن بىرەرسى بولمىسا، پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئۇ يەرگە
رەهمەت نەزەرىنى سالمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنياغا ئىت تاپقا تەكالىب قىلغاندەك، يەنى چاپلاشقاند-
دەك چاپلىشىۋالمايدۇ. «تەكالىب» دىن مەقسەت شۇكى، ئەنبىيالار خاتىمىسى هەزرىتى
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى تاپقا ئوخشاتقان. پەسكەش دۇنيانىڭ نېمەتلىرد-
گە ئالدانغان، بەش كۈنلۈك ئۆمرى ئۆچۈن دۇنيانىڭ تۇراقسىز ۋە تۇترۇقسىز نېمەتلىرىگە
بېرىلگەن بىخەۋەر كىشىلەر گوياكى ئاپقا يىقىلغان ئىتقا ئوخشاش هارام مالغا چاپلىشىۋالغان.
هەزرىتى هەكىم سەنائى غەزنەۋى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — بۇ هەقتە
قىتئەلەرنى ئېيتقان بولۇپ، (تەرجىمىسى) بۇدۇر. قىتئە:

بۇ جەهاندۇر مىسالى مۇردارى،
ئاندا كەركەس ئېرۇر هەزار - هەزار.
بۇ بىر ئول بىرگە سالغۇسى چاڭگال،
ئول مۇڭا ئۇرغۇسىدۇر زور مىنقار.
ئاخىرۇل - ئەمر كەتكۈسى هەممەسى،
قالغۇسى لىبك مۇنداق بۇ مۇردار.

ياخشىلار تائىپىسى شۇكى، ئۇلار قۇرۇق نان بىلەن كۈن ئۆتۈزىدۇ. كونا، يىرتىق
ئىگىنلەرنى كىيىدۇ، يالاڭباش، چاچلىرى چۇۋۇلغان ۋە چاڭ توزاڭغا بۇلغانغان بولىدۇ.
كىشىلەر ئۇلارنى كۆرسە ئاغرىق دەپ گۇمان قىلىدۇ. هال بۇكى، ئۇلار ئاغرىق ئەمەس،
بەزىلىرى ئۇلارنى سەۋدايى دەيدۇ ۋە ئەقلىنى يوقاتقان، دەپ گۇمان قىلىدۇ. ۋاهالەنكى،
ئۇلار سەۋدايىلىقتىن يىراق ۋە ئەقلىدىن ئېزىشتىن خالىيدۇر. لېكىن ئاۋام خەلق ئۇلارنى
ئاشۇ خىل هالەتتە كۆرۈپ، ئۇلار هەققىدە خاتا گۇمان قىلىدۇ. ئۇلار دۇنياغا پەشۋا ئۇرغان،
دۇنيادىن ۋە دۇنيا ئەهلىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەردۇر. ئېهتىمال ئۇلاردىن بىرەرسى
دۇنيانى لازىم قىلغان تەقدىردە، ئۇنى يا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن لازىم قىلىدۇ ياكى
ئائىلە - بالا - چاقىلىرىنىڭ تىرىكچىلىك مەئىشىتى ئۈچۈن لازىم قىلىدۇ، ئەمما كۆڭۈللىر-

دە دۇنيانىڭ مۇھەببىتى بولمايدۇ، دېمەك، ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى زاۋاللىققا ۋە نۇقسانغا يۈزلەنمەيدۇ. مەجنۇن ۋە ئەقىلسىز دەپ شۇنداق كىشىلەرنى دېسە بولىدۇكى، ئۇلار مەككار دۇنيانىڭ مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولۇپ، پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىغا يۈزلىنىشتىن غاپىل ۋە مەھرۇم قالغان. بۇنداق كىشىلەر بۇزرۇكلار تائىپىسىنى ئەقلىنى يوقاتقان دەپ گۇمان قىلىنىشىدۇ. ۋاھالەنكى، ئاخىرەت دەرىجىسىنىڭ شەرەپلىرى ئاشۇ بۇزرۇكلارغا نېسىپ بولغۇسى. ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن: «ئەي ئۇسامە، ھەر شەھەردە ۋە دىياردا ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى، ئۇ شەھەرنىڭ ئاسايىشلىقى ئۇلارنىڭ شاراپىتى بىلەندۇر. قاچانكى ئۇلاردىن بىرەرسى بىرەر قەۋم ئارىسىدا بار بولسا، خۇدايى تائالا ئۇ قەۋمغا ئازاب ۋە بالا-قازا ئەۋەتمەيدۇ. چۈنكى پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇلاردىن رازى ۋە خۇشالدۇر. ئۇلارنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتقىن، ھەرقاچان نىجات تاپقايسەن.»

ھەزرىتى ئىيسا — ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن — دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇنداق دېگەنىكەن: «كۆڭلۈڭلەرنىڭ خۇدايى تائالانى كۆرۈشى ئۈچۈن جىگەرلىرىڭلارنى ئاچ تۇتۇڭلار، بەدىنىڭلارنى يېلىڭ تۇتۇڭلار». مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئىمام ھەسەن — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — ۋە ھەزرىتى ئائىشە سىددىق — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئانھەزرەتتىن: «ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، جەننەتنىڭ ئىشىكىنى نېمە بىلەن ئاچقىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، ئانھەزرەت جاۋاب بېرىپ: «ئاچلىق ۋە تەشنالىق بىلەن» دېدى. يەنە بىر ساھابە — ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئولتۇرۇشتا ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ئۇ ساھابىگە پەرمان قىلىپ: «كەمرەك كېكىرگىن» دېگەن. تولا كېكىرىشنىڭ سەۋەبى كۆپ يېگەنلىكتىندۇر، دېمەك، بۇنىڭ مەنىسى «تائامنى ئاز يېگىن» دېگەنلىك بولىدۇ، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «بۇ دۇنيادا قورسىقىنى توقلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ قورسىقى قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاچ بولىدۇ» دېگەن ئىكەن. شۇڭا، تائام يېيىشتە ئوتتۇراھال چەكتە توختاش لازىم. بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ.

مۇرشىدلار تەختىنىڭ سۇلتانى ھەزرىتى خاجە نەقشبەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ يولدا ھەر نەرسە تاپقان بولساق، ئەھۋالىمىزنى پىنھان تۇتقانلىقتىن ۋە ھەمىشە تاھارەت بىلەن يۈرگەنلىكتىن تاپتۇق ۋە بۇ ئىشنى مۇخلىسلارغا ئۆگەتتۇق. ھەزرىتى خاجەنىڭ مۇرىدلىرىغا بۇيرۇغىنى ئىككى ئىش ئىدى. بىرى، نەپسىنىڭ پەرمانىغا كىرمەسلىك. ئىككىنچىسى، ھەرقانداق مۆمىن بەندىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنى خاھى تىل بىلەن بولسۇن ياكى قول بىلەن بولسۇن مۈشكۈلچىلىكتىن خالاس قىلىپ، خۇشال قىلىش. بۇ يولدا ئەگەر مۇيەسسەر بولسا، ئۆزىنى مۆمىنلەرنىڭ يۈكىنىڭ ئاستىغا قويۇش، ئۇ مۇسۇلماننى ئۇ يۈكتىن خالاس قىلىش لازىم. بۇ ئەھلى تەرىقەتنىڭ ئۇلۇغ ئەسۋابى ۋە بۇ يولدا مۇراد - مەقسەتكە يېتىشنىڭ دەسمايىسىدۇر.

ھەزرىتى مەخدۇم [بوۋىمىز—] ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى تەڭرى ئۈچۈن تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى پېشۋا قىلىپ، يەنى ئوڭ قولىغا بۈيۈك «قۇرئان»نى، سول قولىغا كەرەملىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى ئېلىپ، بۇ زاماننىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىغا

www.uyghurkitap.com

بىرىپ، مۆمىنلەرنىڭ ئاسايىشلىقى ۋە مۇھىم ئىشلىرى خۇسۇسىدا سۆز قىلسا، بۇ ھەق ۋە ئۇلۇغ تەڭرى دەرگاھىدىن يەتكەن كاتتا سائادەت بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق نومۇسلۇق يېرى يوق. مەجازىي پادىشاھلار ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ شەرىئىتىنى خارلىسا، شەرىئەت ھۆكۈمىگە ئەمەل قىلمىسا، مانا بۇنىڭ ئۆزى نومۇستۇر.

شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۆتكەن زاماندا ئاللاھ يولىدىكى ئۇلۇغ زاتلاردىن بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن پادىشاھلار ھوزۇرىغا بېرىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ھەرىكەت قىلاتتى، لېكىن قوبۇل قىلىنمايتتى. بەزى مۇرىد - مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا:

— پادىشاھ ئېيتقان سۆزلىرىڭىزنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنى ئابرۇيسىز قىلىپ يۈرگىنىڭىزنىڭ ھېچ پايدىسى يوققۇ، — دەيتتى.

— ئەي ئەقىلسىزلەر، — دەيتتى ئۇ ئەزىز ئۇلارغا، — مۇھەممەد مۇستاپا — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ شەرىئىتى راۋاجلانسا ۋە جارى قىلىنسا، شۇنىڭ ئۆزى ئابرۇيىدۇر. مېنىڭ تىرىشچانلىقىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئىشنى مەن ئابرۇيي دەپ بىلمەيمەن.

بىلىش كېرەككى، دەرۋىش ئۈچۈن توغرا يول غەپلەت ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت يولىدۇر. شۇڭا، دەرۋىش دائىم تاھارەت بىلەن يۈرۈشى ۋە ھېمىشە ئاللاھنى ياد ئېتىشكە مەشغۇل بولۇشى لازىم. بەلكىم تاھارەت سىندۇرغان ۋاقىتتا زىكىر ئېيتىش ئەدەبسىزلىكتۇر. تىلدا ئەمەس، دىلدا زىكىر قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئىختىيارسىز زىكىر قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدا كېرەك يوق. بەندە ھەمىشە تەڭرى يادى بىلەن بولسۇن. ھەزرىتى مەۋلانا جەلالىددىن رۇمى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دەيدۇ: «خالايىق: ‹خالا جايدا، ئىستىنجا ۋاقتىدا تەڭرى تائالانىڭ شەرەپلىك ئىسىملىرىنى ئېيتقىلى بولمايدۇ›، دېيىشىدۇ. ئەمما، سۇلتان ئاتقا مىنگەن ھالەتتەدۇر. ئات بىچارەدۇر. ئاتقا ئىختىيار يوقتۇر.» بەندە ھەممە ئەيش - ئىشرەت، لەززەت ۋە نېمەت خۇدايى تائالانىڭ زىكرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتلىرىدىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك، قالغانلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بۇ مەزمۇندا ھەزرىتى مەخدۇمى كىرامى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەن. نەزم:

ئەي بۇلبۇلى جان مەست زى يادى تۇ مەرا،
ۋەي مايەئى ئۇمرەست زى يادى تۇ مەرا.
غەمھايى جەھانرا ھەمە دەر پايى فىكەند،
زەۋقىكى دەھەد دەست زى يادى تۇ مەرا.

(ئەي سېنىڭ يادىڭ بىلەن جان بۇلبۇلۇم مەس بولدى، سېنى ياد ئېتىش ھاياتىم دەسمايىسى بولدى.
سېنى ياد ئېتىشنىڭ شادلىقى تۇتقاندا، جاھان غەملىرىنىڭ ھەممىسى پايخان بولدى)

بەندە تەڭرىنى ياد ئېتىشكە مۇۋەپپەق بولسا، [شەرەپلىك ۋاقىتلىرىنى ئاشۇ ياراتقۇچىنىڭ يادى بىلەن ئۆتكۈزسە]، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق قانداق خۇشاللىق، قانداق راھەت - پاراغەت

بولسۇن. [بۇ دۇنيادا نازۇ ـ نېمەت ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئۇنى كۆپ ئادەملەر بىلمەيدۇ. ئاخىرەتتىكى پەزىلەت ۋە ياخشىلىقلار، يەنى ئاشۇ چەكسىز ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس نازۇ ـ نېمەتنى كۆپلىگەن كۆزلەر كۆرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆز، ۋەدىلەرنى، «قۇرئان» ۋە ھەدىستە ئېيتىلغان نوتۇقلارنى كۆپ قۇلاقلار ئاڭلىمايدۇ ياكى قۇلاقتا تۇتمايدۇ. بەندە مەھمىلگە① ئولتۇرۇپ، جەزبە بىلەن ئۇ سۇلتان تەرەپكە بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن غەشلىك ۋە خىرەلىكلەرنىڭ، گۇناھلىق قىلمىشلارنىڭ بولغاشلىرىدىن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاك بولۇش زۆرۈر. بەيت:

ھەرچە جۇز دوست بىرۇن مىكۇنەم ئەز خىلۋەتى دىل،
كەي بۇۋەد دەر ھەرەمى شاھ مەجالى دىگەران.

(كۆڭۈل خىلۋىتىدىن دوستتىن باشقىسىنى ئىمكان بار چىقىرىۋېتىمەن. شاھ ھەرىمدە باشقىلارنىڭ تۇرۇشى قاچان مۇمكىن بولسۇن.)]

بەندە ئۆزىدە ئاللاھنىڭ زوق ـ ئىشتىياقىنى پەيدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تىرىشسۇن، بۇ بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ چارىسى شۇكى، دائىم ئاجىز ۋە سۇلغۇنلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلسۇن ۋە ئۇلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلسۇن. پەيغەمبەرلەر — ئاللاھ ئۇلارغا سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ۋە ئەۋلىيالار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ روھلىرىدىن مەدەد تىلىسۇن، مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىگە شادلىق يەتكۈزسۇن. شۇ ئارقىلىق بۇ بەخت مۇيەسسەر بولىدۇ. دېمەك، بەندە ھەقىقىي دىلغا ئېرىشىش كېرەك، نەزم:

تەن ئەگەر بىچارەدۇر، باشىمە كەلتۈرمەك تەبىب،
ئەي ئەزىزىم، تەن ئىشىدۇر سەھل، فىكرى تىل قىلىلىك.
[ئەھلى دىللار ئالدىدا دەردتىن بەتەر بىدەردلىك،
چارە تەدبىر ئەيلەبان بىر دەردلى دىل ھاسىل قىلىلىك.]

دىل ھاسىل قىلىش شۇنداق بولىدۇكى، چىن كۆڭلىدىن تەۋبە قىلىش بىلەن ئاجىزلىق نىيىتى بىرلەشسە، ئۇنداق كىشىدە پاك كۆڭۈل ھاسىل بولىدۇ ـ دە، ئۇ كىشى تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىكنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۇنىڭ مۇھتاجلىقى ۋە تاۋازۇسى خۇدايى تائالانىڭ ھەممە بەندىلىرىدىن شۇنچە ئارتۇق بولىدۇ. نەزم:

تا تىرىك مۇراد قىلساڭ يۈز نەۋبەت،
بىر بار ساڭا مۇراد بولماس ھاسىل.

تەڭرى تەئالانىڭ ئالدىدا ئۆزىنى شۇ قەدەر ئەرزىمەس ۋە ئاجىز بىلىش كېرەككى، ئۆز نەزىرىدە ئۆزىدىن ئاجىزراق كىشى يوق بولسۇن. شۇ ئارقىلىق پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى بۇ ئاجىزلىقنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، ئىلتىپات ۋە رەھمەت ئىشىكىنى

① مەھمىل — ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىش ئۈچۈن تۆگە ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان كاجىۋا.

ئاچىدۇ. نەزم:

چۇن بەھار ئىچرە بولۇر سەر سەبزە رەڭ،
خاك بولغىل تا گۇل ئۈنگەي رەڭ بەرەڭ.

ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن: «ھەر كىشى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، ھەر كىشى تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئۇنى خار ۋە پەس قىلىدۇ.»
[يەنە بىرى، ئاجىز بەندە ئۆزىنىڭ ياخشى ـ يامان ئەھۋالىنى خۇدانىڭ باشقا بەندىلىرى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنى رەد قىلسۇن ياكى قوبۇل قىلسۇن بۇنىڭغا سەۋر قىلىدۇ.] چۈنكى، [پاك تەڭرى تائالا] بەندىلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى ھەر خىل لىباسلار ئىچىدە يوشۇرۇن ھالەتتە ساقلايدۇ. «مېنىڭ چېدىرىمنىڭ ئاستىدىكى ئەۋلىيالىرىمنى مەندىن باشقىلار تونىيالمايدۇ» دېگەن ھەدىسى قۇدسى شۇلارنىڭ شەنىدە ئېيتىلغان. [يەنە بىر ھەدىس بار تەرجىمىسى شۇكى: «چاچلىرى چۇۋۇلغان ۋە توپا ـ چاڭ باسقان كىشىلەر باركى، ئادەملەر ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيلىرىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى شۇ قەدەر كونا، پەقەت ئەۋرەتلىرىنى يېپىپلا تۇرىدۇ. ئۇلار ئەگەر ئاللاھ نامىدا قەسەم قىلسا، چوقۇم قەسىمىگە ئەمەل قىلىدۇ.» بۇ ھەدىسمۇ شۇلار شەنىدە كەلگەن.] بەيت:

مەبىن ھەقىر گەدايانى ئىشق را، كىن قەۋم،
شاھانى بىكەمەرۇ خۇسرەۋانى بىكولەھەند.

(ئىشق يولىدىكى گادايلارنى خار كۆرمە، بۇ كىشىلەر كەمەر باغلىمىغان پادىشاھ، تاج كىيمىگەن خاقاندۇر.)]

خۇدا ۋە خۇدانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا دۇنيا ئەسۋابلىرى بىلەن قەدەر ـ قىممەت تاپقىلى بولمايدۇ. پاك تەڭرى تائالانىڭ مۇنەۋۋەر بەندىلىرىنىڭ ئالدىدا زىبۇ ـ زىننەت ۋە بېزىنىشنىڭ ھېچ بىر قەدرى ـ قىممىتى يوق. توغرا، مال ـ دۇنيا خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭ خۇرسەنتلىكى ئۈچۈن سەرپ قىلىنسا، شۇنداق شەرت بىلەنكى، ئۇ مال ـ دۇنيا ھالالدىن ھاسىل بولغان بولسا، مەسىلەن: كەسىپ ـ ھۈنەردىن ۋە دېھقانچىلىقتىن ھاسىل بولغان بولسا، مەسىلەن: زالىملارغا تۇتقۇن بولغان مىسكىن ـ پېقىرلارغا ۋە دەۋشلەرگە سەرپ قىلىنسا، بۇنداق مال ـ دۇنيا مۇبارەكتۇر.

ھەزرىتى شەيخ رۇكنىددىن ئەلائىد دەۋلە — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي— مۇنداق دېگەن: «ئالەم خەلقىنىڭ غەلىتە بىر خىل ئېتىقادلىرى بار. بۇ بولسىمۇ ئۇلار دەرۋىشلەر مۇھتاج، خار ۋە تۆۋەن ئورۇندا بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ، دەرۋىشلەرگە مال ـ دۇنيا لازىم ئەمەس، دەيدۇ. ئەمما، پاك تەڭرى تائالا ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بەختىنى، شادلىقىنى ۋە لەززەت ئېلىشىنى كۆزلەپ، دۇنيانىڭ مۇنچىۋالا نازۇ ـ نېمەتلىرىنى يارىتىپتۇ. ئالەمنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى پەيغەمبەرلەر — ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — ۋە ئەۋلىيالار — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ شەرەپلىك

www.uyghurkitap.com



روھلىرى بىلەندۇر. ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىن مەقسەت ئۇلارنىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدلىرىنى يارىتىشتۇر. شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇھتاج بولۇشلىرى لازىم ئىكەن.» ئۇ ھەزرەتنىڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن خالايىقنىڭ بوۋام خاجە ئەھرارغا قىلىدىغان ئىنكار ۋە ئېتىرازلىرى رەد قىلىنىدۇ. شەيخ يەنە: «ھەزرىتى شەيخ مەجدىددىن بەغدادى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ [خانىقاھقا قىلىدىغان] سەپەر خىراجىتى ئۈچۈنلا ھەر يىلى ئىككى يۈزمىڭ قىزىل دىنار سەرپ قىلىناتتى» دېگەنىدى. پاك تەڭرى تائالا بەزى مەقبۇل بەندىلىرىنى باياشادلىق لىباسلىرى ئىچىدە پەرۋىش قىلىدۇ، بەزىلىرىنى پېقىرلىق كىيىمى ئىچىدە پەرۋىش قىلىدۇ ۋە ئاسرايدۇ، بۇنىڭغا ئۇ بەندىمۇ ناھايىتى رازىدۇر. نەزم:

بۇ گۈلشەن ئىچرە مېنى سەلب قىلمە خۇدرو دەپ،
نې نەۋئى پەرۋەرىش ئەتسە، بولۇرمەن ئول يەڭلىغ.

دېمەك، ھەممە پەزل ۋە كەرەم ئاللاھتىندۇر. ئۇنىڭسىز بىزنىڭ قوللۇقىمىز ۋە قىلمىشلىرىمىزدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ ۋە ھېچ ئىش ئېچىلمايدۇ. ئىلتىپات ۋە ساخاۋەت ئۇنىڭ قۇدرەت قوللىرىدا بولۇپ، ئۇ كىمنى خالىسا، شۇنىڭغا ئاتا قىلىدۇ. «پەزلنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، (ئاللاھنىڭ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەزل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن (ئاللاھ شۇ سۆزنى قىلدى)»①.

بەندە ھەرقانچە سالىھ ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنى تەڭرى دەرگاھىدا گۇناھكار ۋە نۇقسانلىق بىلسۇن. ئۆزىنى گۇناھكار ۋە نۇقسانلىق دەپ بىلمەسلىكتىنمۇ يامانراق ھېچ گۇناھ بولماس. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ياشانغان ئايال بار ئىدى، ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. ئۇ قېرى ئايال ۋاپات بولدى. كىشىلەر چۈشىدە ئۇنىڭ جەننەتكە كىرگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭدىن: «قايسى ئىشىڭ بىلەن بېھىشكە كىردىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، قېرى ئايال جاۋاب بېرىپ: «مېنى خۇدايى تائالا ئۆز دەرگاھىغا قىچقىردى ۋە مېنىڭدىن: «ئەي ياشانغان ئايال، نېمە ئېلىپ كەلدىڭ، قانداق ۋاستە كەلتۈردۈڭ» دەپ سورىدى. مەن ئېيتتىمكى: ‹ئەي تەڭرىم، مەن دۇنيادا ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلاتتىم. خەلق مېنى نېمە تىلەيسەن، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟! دەپ قوغلايتتى. ئەمدى سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەلسەم، سەن: نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ دەۋاتىسەن. سەن ساخاۋەتلىك پادىشاھسەن. مەندە سېنىڭ دەرگاھىڭغا كەلتۈرگۈدەك ھېچ نەرسە يوق. سەندىن بۇ ئاجىزغا مۇنداق دېيىشىڭ نېمە كېرىكى بار دېيىشنى تىلەيمەن.› بۇ سۆزۈمدىن كېيىن تەڭرى تائالانىڭ رەھىم - شەپقىتى كەلدى - دە: ‹بۇ بەندەمنى بېھىشكە ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇ يەردە نېمىنى خالىسا بېرىڭلار› دەپ پەرمان قىلدى. شۇ سەۋەب بىلەن بۇ ئورۇنغا ئېرىشتىم» دېدى.

ئاللاھنىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ يولىغا قەدەم قويغان كىشى دۇنيا تەئەللۇقاتتىن كۆڭلىنى ئاستا - ئاستا سوۋۇتۇش ئۈچۈن، مال - دۇنياغا بولغان مۇھەببەتنى ئازايتىشى كېرەك. شۇغۇللىنىشنى قارار قىلغان مەشغۇلاتنى ھەمىشە ئىزچىل داۋاملاشتۇرمىغۇچە، بۇ مەرتىۋە ھاسىل بولمايدۇ. بەندە شۇنداق بولۇشى كېرەككى، مال - دۇنيالىرى قانچە كۆپ بولسىمۇ،

---

① «قۇرئان كەرىم»، 57 - سۈرە ھەدىد، 29 - ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى.

ئۇنىڭغا مۇھەببىتى ئاز بولسۇن. مال ـ دۇنياغا مۇھەببىتى بولمىغانلىقىنىڭ نىشانىسى شۇكى، ئەگەر بىر ئۆيدە لىق ئالتۇن ـ كۆمۈش، جاۋاھىراتلىرى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئوغرى ئالسا، ئۇ مال دۇنياسىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە قىلچە غەم ۋە دەرد ـ ئەلەم يەتمەيدۇ، بەلكى شۈكۈر قىلىدۇ، بۇنى تەقدىر ـ قىسمەت دەپ بىلىدۇ، تەڭرى تائالانىڭ ئۇنى مال ـ دۇنيادىن ئاجرىتىشى ئۆزىگە مەشغۇل قىلىشىنى خالىغانلىقى، دەپ چۈشىنىدۇ. ھەزرىتى فەرىدىددىن ئەتتار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەنىكەن، تەرجىمىسى بۇدۇر. مەسنەۋى:

ئەۋۋەل ئۆزدىن دەستىنى كۇتاھ قىل،
قويغىل ئاندىن سوڭرە، ئەزمى راھ قىل.
[تاكى بولماي ئەۋۋەلاسەن پاكباز،
يۈرگەلى بولماس ساڭا راھى نەماز.]

دەستنى ئۆزدىن كۇتاھ قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، بۇ ئالدى بىلەن ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ مۇھەببىتى بارا ـ بارا كۆڭۈلدىن يىراق بولۇشى، مۇھەببەت ھامان ئۇلۇغلۇق ۋە يۇكسەك پەزىلەت ئىگىسى بولغان تەڭرى تەرەپكە بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر؛ تەڭرىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، مەيلى بۇيرۇلغان ياكى چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشتىن تاشقىرىغا قەدەم قويماسلىق دېگەنلىكتۇر. بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەممە دۆلەت ۋە سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى ئەنە شۇ.

بەندە ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىستىدات ۋە قابىلىيىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشى كېرەك. گەرچە ئىستىدات ۋە قابىلىيەتنىڭ ھاسىل بولۇشى پاك تەڭرى تائالانىڭ ئىنايىتى ۋە ئاتا قىلىشىغا باغلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ تەڭرى بۇ جەھەتتە بەندىگە قىسمەن ئىختىيارنىمۇ بەرگەن. شۇڭا، مەيلى پادشاھ ياكى گاداي بولسۇن ھەممە كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىگە ھازىرلىنىش ئۈچۈن، پاك ئاللاھنى رازى قىلىشقا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. نەزم:

ئىشق دۇررىكى بولدى ئاڭا جىلۋىگاھىكىم،
گاھى لىباسى شاھ، گاھى كىسۋەتى گەدا.

يەنە شۇنى بىلگىنكى، خۇدانىڭ ۋە خۇدانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا، تەڭرى دەرگاھىدىكى مۇنەۋۋەر بۇزرۇكلارنىڭ نەزىرىدە ئېنىقكى، سۇنۇق، ۋەيرانە كۆڭۈللەرنى ياساشنىڭ بۇ يولدا پايدىلىرى كۆپ. نەزم:

ۋەيران كۆڭۈل ئىچىدە قويار ئىشق گەنجىنى،
مەئمۇر ئولۇر دىلىكى، خەراب ئولدى ئول بەسى.

خۇدايى تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تۇتىشىش ئۈچۈن بىر يول تېپىشقا ۋە

ئۇلارنىڭ نەزەرلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن مەقسەتلەرگە ئېرىشىشكە ھەرىكەت قىلماق كېرەك.
[بەيت:

جا كۇن دەرۇن پاك زەمىرىكى، ئاقىبەت،
زىن شىۋەئى كار قەترە بەدەردانگى كەشىد.

(پاك كۆڭۈللەر ئىچىدە ئورۇنلاشقىن، بۇ ئارقىلىق دەردمەنلەر ياشلىرىنى سۈرتكىن)

ھەر بەندىنىڭ كۈنى ۋە ئەھۋالى بەزىدە ياخشىلار ئەھۋالى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئۆتىدۇ، يەنە بەزىدە ئۇنىڭ كۈنى ۋە ھالىتى بەتكىردار شەيتانىنىڭ ۋە يامانلارنىڭ رەپتارى بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇ بەندە ئالدىنقى كۈنى ۋە ئالدىنقى ئەھۋالدا خۇدايى تائالانى تېخى ئەستىن چىقارمىغان؛ كېيىنكى كۈنى ۋە كېيىنكى ئەھۋالدا ئۇ بەندە خۇدايى تائالادىن غاپىل بولغان ۋە كېچە - كۈندۈز ئۆزىنى يامان نىيەتلىك نەپسىنىڭ ھاۋايۇ - ھەۋىسىگە قۇل قىلغان ھالدا كۈن ئۆتكۈزگەن. بۇنداق كۈنلەر ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، تەڭرىگە ئىستىغپار ئېيتماق كېرەك. ھېيىقمايدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ راھىتى ۋە ئىمكانىيىتىنى كۆزلەپ ئاچچىقلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ئاچچىقلىنىش بۆلگۈنچىلىك قوزغايدۇ، كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدۇ. بۇنداقلار خۇدايى تائالادىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئاچچىقلىنىش خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولسا، توغرا بولىدۇ.]

تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرى — ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — مۇنداق دېگەن: «ھەر كىشى بىراۋغا بىر نەرسە بەرسە، خۇدايى تائالا ئۈچۈن بەرسە، بىراۋدىن بىر ئىشنى مەنئى قىلسىمۇ خۇدايى تائالا ئۈچۈن مەنئى قىلسا، بىراۋنى دوست تۇتسا، خۇدايى تائالا ئۈچۈن دوست تۇتسا، بىراۋنى دۈشمەن تۇتسىمۇ خۇدايى تائالا ئۈچۈن دۈشمەن تۇتسا، دېمەك ئۇ كىشى ھەقىقەتەن ئىمانىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان بولىدۇ.» ئەگەر بۇنى ئۆز نەپسى ۋە ھاۋايۇ ھەۋىسى ئۈچۈن قىلسا، تەرىقەتتە ئۇ كىشىنىڭ نۇقسانلىرى كۆپ بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ھەر قاچان بەندىلەر سۈلۈك يولىدىكى توسالغۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشى كېرەك. شۇندىلا خۇدايى تائالا ئۇ بەندىلىرىگە ئاشنالىق پەيدا قىلىدۇ. خۇدايى تائالانى ياد ئېتىشنىڭ لەززىتى مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇ بەندە دۇنيادىن ۋە دۇنيا ئەھلىدىن ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بۇ ھالەت مۇيەسسەر بولسا، جەزم قىلسۇنكى بۈيۈكلۈك ئىگىسى بولغان ھەزرىتى تەڭرىنىڭ رەھمەت ئىشىكى ئۇنىڭغا ئېچىلىپتۇ. [ئۇ بەندە] خۇدايى تائالانى يادىغا ئېلىش ئارقىلىق خۇشال بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ تەڭرى تائالانى ياد ئېتىشتىن بىر دەممۇ غاپىل بولمايدۇ. ئەگەر تەڭرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە نېمىتى تېخى ئايان بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئاخىرەتتە بۇ ئىشى بەدىلىگە ئۇنىڭغا ئاشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋە ئاتا قىلىنغۇسى. ھەممە پەيغەمبەرلەر — ئاللاھ ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە سالاملارنى ئەۋەتكەي — ۋە ھەممە ئەۋلىيالار — ئاللاھ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ ئادىتى ئاشۇنداق بولغان.
(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەققىدە ئۆزگىچە بايان①

**ئابلا ئەھمىدى**

ئەمدى زوھۇرىددىننىڭ ئېلىمىز تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىنكى بايانىنى ئاڭلاپ باقايلى:

«بەناگاھ فەلەك كەلتۈرۈپ تاشلادى،
خىتاي ئۆلكەسىگە مېنى باشلادى.
مۇقەررەر بولۇپ بىزگە تاربۇغاتاي،
نەمايان بولۇپ بىزگە ئاندا خىتاي.
خىتا(ي) ھاكىمى بىزدىن ئاگاھ ئولۇپ،
قىلىپ لۇتۇف بىزگە مەدەدخىۋاھ ئولۇپ.
دېدى: ‹سەرگۈزەشتىڭنى ئەتكىل بەيان،
ھەمە ماھۇ ۋەل ۋاقىئەنى ئەيان›.
تۇرۇپ ئەرز ئېتىپمەن نەچە ۋاقىئات،
بىلىپ ئەيلەدى بىزگە كۆپ ئىلتىفات.
كى جاڭچۇڭ قاتىغە خىيال ئەيلەدى،
ئىل مۇلكىگە ئىنتىقال ئەيلەدى».

بۇ مىسرالاردىن بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، زوھۇرىددىن تارباغىتايغا كېلىپلا ئۇ يەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە نېمە كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئېيتقان. ئامبال ئۇنى بىر مەزگىل ئىززەت - ئېكرام بىلەن كۈتۈپ، ئىلى جياڭجۈنى قېشىغا ئۇزىتىپ قويغان.

زوھۇرىددىن ئىلىدىكى كۈنلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«تۇرۇپ، نەچچە كۈندە كېلىپمىز يېتىپ،
كى جاڭجۇڭغە ھالىمنى تەقرىر ئېيتىپ...
مۇرۇۋۋەت بىلە ئەيلەدى ئىلتىفات،
قىلىپ غۇسسە بىرلە ئەلەمدىن نىجات.
كى ئەمر ئەيلەدى كاشغەر سارىغە،
يەنە نەسىب ئېيتىپ دەھر ئازارىغە.
قەدىمكى مەناسىغە بولدۇم قەرىن،
ھۆكۈمەتدە ئىلكىمگە سالدىم نىگىن».

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

دېمەك، ئىلى جىياڭجۈنى ئوردا نامىدىن زوھۇرىددىنغا ئۇنىڭ كاشغەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، «ھاكىمبەگ»لىك ئۈزۈكى (ئىگىن) بىلەن تامغا تەقدىم قىلغان (ئەينى چاغدا، ھاكىمبەگلەرنىڭ تامغىسى خان ئوردىسى تەرىپىدىن ئويدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا ھاكىمبەگلەرنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازىنىڭ چوڭ - كىچىكلىك دەرىجە-سى ئەكس ئەتتۈرۈلەتتى. ئۇلار مەنسەپتىن قالدۇرۇلغاندا ماڭاشى توختىتىلىپ، تامغىسى قايتۇرۇۋېلىناتتى. ئەمما ئۈنۋانى نەسەبلىك بولغاچ ساقلاپ قېلىناتتى).

بەزى تەتقىقاتچىلار:

«كى جاڭجۈڭغە ھالىمنى تەقرىر ئېيتىپ...
مۇرۇۋۋەت بىلە ئەيلەدى ئىلتىفات.
قىلىپ غۇسسە بىرلە غەمدىن نىجات...»

دېگەن مىسرالارنى «ئىلى جياڭجۈننىڭ زوھۇرىددىننى كاشغەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەنلە-كى» دەپ چۈشىنىپ، «ھاكىمبەگلەر بىلەن ئىشىك ئاغا بەگلەرنى ئىلى جياڭجۈنى نامزات كۆرسىتىپ، پادىشاھ تەستىقلايدۇ» غانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان.

پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ زوھۇرىددىننى كاشغەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەن ۋاقتى 1831- يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىمىز چېگرىسىدىن كىرگەن ۋاقتى شۇ يىلنىڭ ئەتىياز پەسلى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قاچان كاشغەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك يازما مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق. ئەمما ئۇنىڭ 1832 - يىلنىڭ باشلىرىدا كاشغەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئۆمرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يېتىملىك، دەككە - دۈككە ۋە سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن زوھۇرىددىن بىراقلا 150 پاتمان (3975مو) تېرىلغۇ يەر، 80 ئائىلە-لىك يانچى (خىزمەتكار - مالاي) غا ئىگە كاتتا بايغا ۋە يۇقىرى ماڭاشلىق ئالىي ھۆكۈمرانغا ئايلاندى. لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئېيسەنكىرەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويمىدى. چۈنكى ئۇ چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈش جەريانىدا نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يۇرت سوراشتا، ھېچنېمىنى مەنسىتمەيدىغان قەيسەرانە روھ ۋە ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپلا قالماستىن، ئىلىمگە، ئىلىم ئەھلىگە تايىنىش، بولۇپمۇ كەڭ قورساق بولۇش، ئەدلى - ئادالەت بىلەن ئىش بېجىرىش زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىر چاغدا، ئەجدادلىرىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىمۇ ئەستايىدىل يەكۈنلىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ كاشغەرگە يېتىپ كەلگەن چاغدىكى روھىي ھالىتى ۋە مۇندىن كېيىنكى نىيەت - مەقسەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«كېلىپ كاشغەرغە، تورۇپ غەم بىلە،
يارانلار ئۈچۈن بەلكى ماتەم بىلە...
بۇ يەڭلىغ مېنىڭ كەلگەنىم تورفە ئىش،
گۇمانىم، بېگىم روھى قىلدى كۆشىش...
بەقاسىز جەھاننىڭ ئىشىن پەھىم قىل،

فەقىر بىنەۋا ھالىغە رەھىم قىل…
ئەشەنمە باشىڭ ئۈزرەكى تاجغە،
مۇرۇۋۋەت قىلىپ رەھىم قىل ئاچغە.
باشىڭغە نەلەر كەلدى ئالەم ئارا،
ئۆزۈڭ قىلىدىندۇر بۇ يەتكۈلىغ جەزا…
يىغىشتۇر داغى ھەرزە گۇفتارىنى،
خەيال ئەيلە ئاخىرەدەكى نارنى».

يۇقىرىدىكى مىسرالاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بەش يىللىق مۇساپىرلىق ھاياتىدا يېتىلدۈرگەن ئەقىل - پاراسىتى بىلەن، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن يەكۈنلەپ، ئائىلىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۆلپەتلەرنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خوي - پەيلىدىن كۆرگەن، ھېچكىمگە ئاداۋەت ساقلىماسلىق؛ ئەمەل - مەنسەپ (تاج) نىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكى، ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتى (نار) نىڭ بارلىقىنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇپ، غېرىپ - ئاجىز، ئاچ - زېرىنلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش مىزانى قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. شۇڭا ئۇ كاشغەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي «ھاكىمبەگ ئوردىسى» نىڭ ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىپ، زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلىما ۋە ئەدىبلىرىنى ئەتراپىغا توپلىدى. مەسىلەن پېشقەدەم شاھ دىۋان (باش كاتىپ) رەيھان ئاخۇنۇمنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سىجىلات (كاتىپ) ئابدۇرېھىم نىزارىنى تەيىنلەش؛ شائىر تۇردۇش ئاخۇن (غەرىبي)، زىيائىي (نورۇز ئاخۇن كاتىپ)، ئىمىر ھۈسەيىن (سەبۇري) قاتارلىق مەشھۇر زاتلارغا مەلۇم ئىمتىيازلارنى بېرىش؛ موللا مۇھەممەت سادىق ئەلەم (كاشغەرى)، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ باش شەيخى، تارىخچى تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم (بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ زاتنى «ئافاق خوجا مازىرىنىڭ شەيخى» دەپ قەلەمگە ئالىدۇ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1986- يىل 1 - سانىغا قاراڭ) قاتارلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرى بويىچە ئىش بېجىرىپ، كاشغەرنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇردى (1830 - يىلى 10 - ئايدا، جاھانگىر خوجىنىڭ ئاكىسى يۇسۇپ خوجا قوقەنتتىن مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، كاشغەر شەھىرى ئىچكىرىدىكى شەھەر بىلەن يېڭىسارنى ئىشغال قىلىپ، ياركەنتكە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. يىل ئاخىرىدا توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، كاشغەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبالى زالۇڭئې باش ھاكىمبەگ مىرزا ئىسھاق جۇڭۋاڭغا «خوجىلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى» دەپ تۆھمەت چاپلاپ ئۆلتۈرىۋەتتى. 1831 - يىلى 8 - ئايدا، زالۇڭئې «تۆھمەتخور» لۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىپ كالللىسى ئېلىندى. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە سەلتەنەت تەختىگە چىققان ئىدى.) ئۆز نامىدا «تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسە» سى (ھازىرقى شەھەرلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى) نى ياسىتىپ، بەزى ئەمەلدارلار بىلەن پۇلدار بايلارنىڭ بەس - بەستە مەدرىسە ياسىتىشىغا تۈرتكە بولدى. مەسىلەن، «كەنجازا مەدرىسە» سى، «دورغا بەگ مەدرىسە» سى، «شاھ پولات بەگ مەدرىسە» سى، «ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسە» سى قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كاشغەرنىڭ ئەينى چاغدا «ساني بۇخارا (ئىككىنچى بۇخارا)» دەپ شۆھرەت قازىنىشىغا ئاساس بولدى. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇ تۆھپىلىرى بىلەن ئاۋام خەلق ئىچىدە «مەرىپەتپەرۋەر زات» دېگەن

www.uyghurkitap.com

نام بىلەن شۆھرەت قازاندى. ئۇ يەنە ئوپالدىكى «مەدرىسەئىي مەھمۇدىيە» نىڭ مۇدەررىسى،
ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئۇستازى موللا غوجەش (موللا غوجىلاق؟) خەلپىتىم بىلەن قۇدىلە-
شىپ، ئۇنىڭ قىزى ئانار خېنىمنى ئوغلى خۇدابەردى ھېكىمبەگگە ئېلىپ بېرىپ، ئوپالدىكى
تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. غوجارا ئاخۇنۇم بىلەن غەزىنىچى بەگنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ
ئىشلەتتى. ئابدۇرېھىم نىزارى سىل كېسىلى (ئۆپكە تۇبېركىلىوزى) بىلەن ئاغرىپ قالغاندا،
ئۇنى كاشغەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىغا داۋالىتىش بىلەن بىر چاغدا، ئوپالنىڭ ئەڭ
ھاۋالىق جايلىرىدا دەم ئالدۇردى ھەم شۇ يەردىن يەر - سۇ ئىنئام قىلدى. باغلىق ھويلا
ياسىتىپ بەردى. شۇڭا ئۇزۇن بىر مەزگىل يۇرت مۇتىۋەرلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، ئاۋام خەلق
ئىچىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. بىراق، كېيىنكى چاغلاردا شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ھاكىمە-
مۇتلەقلىققە يۈزلىنىپ، بەزى نالايىق ئىشلارنىمۇ قىلىپ، ئابرويىنى زور دەرىجىدە يوقاتتى.
تۆۋەندىكىلەر زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ كاشغەردە ھوقۇق تۇتقان يىللاردا يۈز بەرگەن بەزى
ۋەقەلەر:

1832 - يىلى (داۋگۇاڭ 12 - يىلى) 7 - ئايدا، قوقەنت خانلىقى ئەلچى ئارقىلىق
ئالدىنقى يىلى يۈسۈپ خوجا چېگرىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن كاشغەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالارنىڭ
تىزىملىكىنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەردى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كاشغەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ھەر يىلى ھۆكۈمەتكە مىلىك پاتماندىن
ئاشلىق تاپشۇرۇشى ھەققىدە يارلىق چۈشتى.

شۇ يىلى چىلىك سۇلالىسى سودا بېجىنى تەڭشىدى. كاشغەر، ياركەنتلەرگە چېگرا سىرتى-
دىن كىرىدىغان ماللارنىڭ بېجى كېچىرىم قىلىنىدىغان بولدى.

شۇ يىلى ئەلچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قوقەنت سودىگەرلىرىدىن يۈز نەچچە كىشى يۈز
نەچچە ئاتقا مال يۈتكەپ، ئۇنىڭ تۇياق قويىنى ھەيدەپ كاشغەرگە كېلىپ ئېلىم - سېتىم
قىلدى.

1833 - يىلى (داۋگۇاڭ 13 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئىلىنىڭ ئىش
بېجىرگۈچى ئامبالى شىلاڭئېي كاشغەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى قوقەنت خانلىقىنىڭ كاشغەردە «ئاقساقال» تۇرغۇزۇپ،
ئەنجانلىق سودىگەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ماقۇل بولدى.

1835 - يىلى (داۋگۇاڭ 15 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 4 - دەرىجىلىك سودا
بېگى مىرقاسىم بىلەن يەنە بىرەيلەن بېيجىڭگە يېتىپ بېرىپ، خاننى تاۋاپ قىلدى.

12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شىلاڭئېي بېيجىڭگە چاقىرتىپ كېتىلىپ، ئىلىنىڭ ئىش
بېجىرگۈچى ئامبالى شۇۋچاڭ كاشغەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە - سەئىدىن» داستانى ئاۋام بىلەن يۈز كۆرۈش-
تى.

شۇ يىلى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى)
قاتارلىقلارنى ئوپالنىڭ «دوغلات» دېگەن يېرىدىكى ھەشەمەتلىك باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئەخ-
لاقۇلمۇھسىنىن» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇردى ھەم ھەرقايسى يۇرتلاردىن
بىر تۈركۈم داڭلىق خەتتاتلارنى تەلەپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق شائىر-
لار بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ، ئۇدۇللۇق يېزىلغاننى ئۇدۇللۇق كۆچۈرۈپ چىقىشقا
ئورۇنلاشتۇردى. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزىلغان بۇ كىتابلار پۈتكەندىن

كىيىن، زوھۇرىددىن بەگ ئۆزىنىڭ مانجۇچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر ئويۇلغان تامغىسىنى بېسىپ «ۋەخپەئام» دېگەن نام بىلەن شەھەر - يېزىلاردىكى مەدرىسەلەر بىلەن مەشھۇر مازارلارنىڭ كۇتۇپخانىلىرىغا تارقاتتى. ھازىر بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى كاشغەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىنىڭ قەدىمكى كىتابلار ئامبىرىدا ساقلانماقتا («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى» ئۈچىنچى توپلامغا قاراڭ).

1836 - يىلى (داۋگۇاڭ 16 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، كاشغەرنىڭ 5 - دەرىجىلىك مۇئاۋىن ھاكىمبېگى ھېزۋىللا (ئەسلى نۇسخىدا ھىجىۋىللا) بېيجىڭگە يېتىپ بېرىپ، داۋاگۇاڭ خاننى تاۋاپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى (سەيشەنبە) مۇھەممەت سادىق ئەلەم (كاشغەرى) ئوپالنىڭ ئازىق كەنتىدىكى «موللام تېغى» باغرىدا سەككىز يۈز يىلدەك خەلقىمىزنىڭ مۇقەددەس تاۋاپئاھى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «ھەزرىتى موللام مازىرى»دا كاشغەرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم - ئۆلىما ۋە بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى جەم بولغان كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، «مەسنەۋىي شەرىف» ناملىق كىتابنى بۇ قەبرىگاھنىڭ كۇتۇپخانىسىغا «ۋەقفەئىي مۇتلەق» قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

مۇھەممەت سادىق ئەلەم (كاشغەرى) ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان بۇ ۋەسىيقىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ھىجرىيە 1252 - يىلى (كالا يىلى) ئۇلۇغ رەجەپ ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى، شەرىئەت ئاساسىغا قۇرۇلغان كاشغەر قازىخانىسىنىڭ قازىسى مەنكى مۇھەممەد سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى شۇ ھەقتە ھۆججەت قىلىپ مۆھۈرىمنى باستىمكى، مەن بىر يۈز تۆت ياشقا كىرگەن تەندۇرۇسلۇق ھالىتىم، ئىلىمگە بولغان ھېسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەپلىك كەيپىياتىم بىلەن مەرىپەتنىڭ مەنبىئى بولغان، ئىلىم - مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۇپلەپ، ئىجتىھات قەلىمى بىلەن ۋاراقلىرىغا زىننەت بېرىپ يېزىلغان، قىممەت باھالىق ئالتۇنغا سېتىۋالغان مۈلكىم بولغان ‹مەسنەۋىي شەرىف› ناملىق كىتابىمنى كاشغەرنىڭ ئوپالدىكى تاغ باغرىغا — چەشمە زىلال بويىغا دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام شەمشىددىن ھۇسەيىن ئوغلى، ساھىب قەلەم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مازىرىغا ۋەقف مۇتلەق ۋە ئەبەدى سەدىقە قىلدىم.

بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە (ۋەقف مۇتلەق قىلغان) بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ شەمسىددىن، ھۇسەيىن ئوغلى، ساھىب قەلەم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇبارەك قەبرىسى يېنىدىكى چەشمە زىلال بويىدا ئولتۇرۇپ مۇتالىئە قىلىپ، قەلەم ساھىبى ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن، ھۇسەيىن ئوغلى مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ۋە قوۋمىمىز — مىللىتىمىزگە ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنى پەزىلەتلىك بولۇشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەقفە قىلغان مەزكۇر كىتابىمغا باش شاگىرتىم موللا ھېيىت خەلپەتنىڭ ئوغلى موللا ئېۋەزنى مۆتىۋەللى (باشقۇرغۇچى) لىككە تەيىنلىدىم، دەپ تۆۋەندە موللا سادىق ئەلەم ئۆز مۆھرىمنى باستىم.

مەزكۇر ئىقرارىمنىڭ راستلىقىغا مۇدەررىس ئۆلىما نەزەر ئاخۇنۇم، دىۋان شاھان (باش كاتىپ) موللا ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە نورۇز كاتىپ، تۇردۇش كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم موللا غوجىلاق؛ ئوپالدىن زىيدىن قورۇلبېگىلەر گۇۋاھدۇر».

مۇھەممەت سادىق ئەلەم (كاشغەرى) نىڭ مۆھۈرىغا ئويۇلغان مەزمۇن مۇنداق:

www.uyghurkitap.com


«داڭلىق ئۆلىما، دەۋرىنىڭ ئالىمى موللا سادىق ئىبنى شاھ ئەلا».

مومۇرنىڭ ئويۇلغان ۋاقتى:

ھىجرىيە 1208 - يىلى (مىلادىيە 1793 - 1794 - يىللىرى) بولۇپ، دەل زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ چوڭ دادىسى «ئىسكەندەر ۋاڭ دەۋرى» گە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ۋەسىيقىدىن بىز يەنە شۇنداق مەلۇماتقا ئېرىشىمىزكى، بۇ چاغدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىسىم - مەرتىۋەت ئەھلىگە كاتتا ئىلتىپات كۆرسىتىپ قەدىرلەش بىلەن بىر چاغدا، كاشغەردە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ راۋاج تېپىشىغا ئىنتايىن ياخشى شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭا بۇ مۇراسىمغا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭمۇ قاتناشقانلىقىنى قىياس قىلىمىز. 147 يىلدىن كېيىن، يەنى 1983 - يىلى بۇ ۋەسىيقە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ قىزى سەلىمە خېنىمنىڭ نەۋرىسى شائىر، نەشرىياتچى قۇتلۇق (شەۋقى) نىڭ ئوغلى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم تەرىپىدىن ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇپ، ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» نىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە بىردىنبىر يازما ئاساس بولۇپ قالدى.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال شۇۋچاڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكتىن ئەمەلى ئېلىپ تاشلىنىپ، گەنسۇ ئۆلكىسى شىنىڭ بازىرىنىڭ ھەربىي قوماندانى فۇشىنئا كاشغەرنىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ قالغان شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىغا ئۇنىڭ ئانا يۇرتى ئوپال يېزىسىنىڭ قۇمباغ (ئازىق) كەنتىدىن بەش پاتمان (تەخمىنەن 130 مو) يەر، بىر ئېرىق سۇ ئىنئام قىلدى ۋە باغلىق ھويلا ياسىتىپ بەردى (بۇ باغنىڭ ئىزى 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە مەۋجۇد ئىدى). شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىمىر ھۈسەيىن (سەبۇرىي) قاتارلىق مەرىپەت ئىگىلىرىگىمۇ قوغان، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىن مەلۇم مىقداردا يەر، سۇ ئاجرىتىپ بەردى. پېقىرنىڭ قارىشىچە، بۇ يەرلەر مازار، مەسچىت، خانىقالارنىڭ ۋەقپىلىرى ياكى جاھانگىر خوجىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەردىن ئاجرىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە باشلىغان دەسلەپكى چاغدىلا زور كۆلەملىك بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويغان بولۇپ، ئىشنى «ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش» تىن باشلاپ، ئۆز قوشۇننىڭ بىر قىسىم يېمەك - ئىچمىكىنى ھەل قىلغان بولسا، كېيىنچە «يۇقرالار بوز يەر ئېچىش» نى قانات يايدۇرۇپ، ئىچكىرىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن خەنزۇ، تۇڭگان دېھقانلار بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ياكى سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا بوز يەر ئاچقۇزۇش ئارقىلىق، ئامباردا زاپاس ئاشلىق ساقلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ ئىش دەسلەپ قۇمۇل، بارىكۆل، ئىلى رايونلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بارا - بارا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا يۈزلىنىپ كاشغەر، ياركەنتلەرگىچە كېڭەيگەن. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەختكە چىققان چاغ — يېڭىشەھەرگە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ھەدەپ ئادەم كۆچۈرۈلۈۋاتقان، كاشغەردە بوز ئېچىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغ ئىدى. مۇشۇ دولقۇننىڭ تۈرتكىسىدە، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگمۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئەڭ چوڭ ئىشلار قاتارىدا تۇتقان ھەم پۈتۈن كاشغەرگە ھاشار - مەدىكار سېلىپ، مۇشىنىڭ يۇقىرىسىدىكى «گۈمبەز» دېگەن يەردىن باشلاپ ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، تومەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئاۋاتقىچە ئېلىپ بارغـان ھەم بۇ ئۆستەڭنىڭ نامى «ئاۋات ئۆسـتىڭـى» دەپ ئاتالغـان. ئاقىر (ئاقاش) نىڭ بىر قىسمى

مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان بولغاچ، يۇرت نامى «يېڭىئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. سۇ مەسىلىسى ھەل بولغاندىن كېيىن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قەدىمى تېزلىشىپ، بۇ يۇرتلارنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا تۈرتكە بولغان. بەزى تەتقىقات ماقالىلىرىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئاھالىنى بۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ ماكانلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، ئالدى بىلەن «ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئورۇق - تۇغقانلىرىنى ماكانلاشتۇرغان»لىقى تەكرار - تەكرار تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. پېقىرنىڭ قارىشىچە، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئورۇق - تۇغقانلىرىنى ماكانلاشتۇرغان جاي ھازىرقى كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېڭىئۆستەڭ يېزىلىرى بولماستىن، بەلكى كاشغەر شەھىرىگە تەۋە دۆلەتباغ يېزا، چارباغ كەنتىنىڭ «تۇرپان كوچىسى»، يەنى ئەپەندىم مەخسۇمنىڭ كوچىسى بولسا كېرەك. چۈنكى «تۇرپان كوچىسى» دېگەن نام بۇ كوچىنىڭ ئەينى چاغدا تۇرپانلىقلار ماكانلاشقان جاي ياكى شۇلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان كوچا - مەھەللە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ تەرەپلەردە بۇنداق كوچا - مەھەللىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئۇچۇر تاپمىدۇق. ئەگەر بار بولغان تەقدىردىمۇ، بىز تىلغا ئالغان «تۇرپان كوچىسى»نى بەرپا قىلغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ماكانلاشقان جاي ياكى ئەينى چاغدا تۇرپاندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن نامرات دېھقانلار ماكانلاشتۇرۇلغان جاي بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگدەك كاتتا ئەربابنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنى ئاۋات، يېڭىئۆستەڭدەك شەھەردىن يىراق، قاقاس جايغا ماكانلاشتۇرۇشى پەقەتلا ئەقىلغا سىغمايدۇ. شۇنداقتىمۇ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ قاقاسلىقنى چىمەنزارلىققا ئايلاندۇرۇشتا ئوينىغان رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور سىياسىي دەسمايىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، مەرتىۋىسىمۇ ئۆسكەن، كېيىنكى چاغلاردا «پېچىنقى تېخىمۇ ئىتتىكلەپ»، ئىلگىرى بۇ يۇرتتا ئەمەل تۇتقان ھېچقانداق ھۆكۈمران قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان كاتتا ئىشلارنى قىلىشقا ئۇل ھازىرلىغان.

شۇ يىلى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كاشغەر، يېڭىسار، ياركەنت، خوتەن، گۇما قاتارلىق سەككىز قەلئە - شەھەرنىڭ سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەش ھەققىدە خان ئوردىسىدىن يارلىق چۈشتى.

1837 - يىلى (داۋگۇاڭ 17 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، 5 - دەرىجىلىك تاشمىلىق بېگى ئابدۇرېشىت بەگ بىلەن يەنە بىرەيلەن بېيجىڭگە بېرىپ، پادىشاھ داۋگۇاڭنى تاۋاپ قىلدى.

1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، پادىشاھ ئوردىسى ئابدۇرېشىت بەگكە «تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگ»لىك كەمىرى ئىنئام قىلدى (بۇنداق مەرتىۋە كەمدىن - كەم يېزا بەگلىرىگە نېسىپ بولىدىغان مەمۇرىي دەرىجە بولۇپ، ئابدۇرېشىت بەگنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن بۇنچە كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلىكىگە ئائىت مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق).

شۇ يىلى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ داۋگۇاڭنىڭ «شەھەر - قەلئە سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەش» ھەققىدىكى يارلىقىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن نەچچە ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئىسلاھات ھەيئىتى» قۇردى. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ جەنۇبتا قىزىل دەرياسىنى، شىمالدا تۈمەن دەرياسىنى پاسىل قىلىپ سېپىل سوقتۇرۇپ، سېپىلنىڭ غەربىي ئۇچىنى «يۇملاق شەھەر لەينىڭ قەلئەسى» (ئەمەلىيەتتە، جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدىن ھازىرغىچە مەنچىڭ قوشۇنىغا تۇرا بولۇپ كېلىۋاتقان لەڭزە - گازارما)گە تۇتاشتۇرۇشنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ پىلانى مانجۇ ئامبال - دارىنلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ پىلانىنىڭ ئەمەلىي ئىجراچىلىرى بولغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپلا قالماستىن، بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭمۇ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. چۈنكى، مىرزا ئىسھاق جۇڭۋاڭ ئىككىنچى قېتىم كاشغەردە ھوقۇق تۇتقان تۆت يىل (1827- يىلدىن 1831 - يىلغىچە) ۋە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەختكە چىقىپ ھازىرغىچە بولغان ئالتە يىل جەريانىدا، ئالۋاڭ - سېلىق، ھاشار - مەدىكارنىڭ تولىلىقىدىن، بولۇپمۇ ھەرخىل سېلىقلار يەر - زېمىن، مال - مۈلۈكنىڭ ئاز - كۆپلىكىنى ئاساس قىلىپ تەقسىملەنمەستىن، «چوقابېشى (نوپۇس)»نى ئاساس قىلىپ تەقسىملەنگەنلىكتىن، بايلار تېخىمۇ بېيىپ، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدىكى شەھەرنى نەچچە ھەسسە كېڭەيتىپ ياساش - ھاكىمبەگلەرنىڭ «ئاغزىنىڭ يېلى بىلەنلا پۈتۈپ كېتىدىغان ئىش» بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئەمەلىي ئىجراچىلىرى - جاپاكەش پۇقرالارغا نىسبەتەن جاپا - مۇشەققەتتىن بۆلەك ھېچنەرسە بەرمەيتتى. شۇڭا كاشغەرنىڭ قازى كالانى، مەشھۇر تارىخچى مۇھەممەد سادىق ئەلەم (كاشغەرى)، سۇلتان ئاخۇنۇم، مىرزا ئابابەكرى ئەۋلادىدىن مىرزا بەگ، كاشغەرنىڭ نامدار زاتلىرىدىن ئۆمەر ئەلا بەگ قاتارلىقلار بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنى بۇ پىلاندىن ۋاز كېچىشكە دالالەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋام خەلق ئىچىدە: «زوھۇرىددىن ھاكىم ئەجدادلىرىنىڭ قەبرىگاھى 〈داڭلىق قەبرىستانلىق (ھازىرقى ئىسكەندەر ۋاڭ گۇمبىزى ئەتراپى)〉نى سېپىل ئىچىگە ئېلىۋالماقچى» دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بۇنى تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن مۇھەممەد سادىق ئەلەم (كاشغەرى) قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن كۆردى ھەم بىرىنچى تۇركۇمدە مىرزا بەگ باشلىق ئاتمىش كىشىنى، ئىككىنچى تۇركۇمدە ئۆمەر ئەلا بەگ (بۇ كىشى مۇئاۋىن ھاكىمبەگ ھەم «ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسە» سىنىڭ قۇرغۇچىسى بولسا كېرەك — ئاپتور) باشلىق 25 كىشىنى يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى يېنىدىكى «مويدۇڭزا»①دا جېنىدىن جۇدا قىلدى. بەگزادىلەردىن 38 كىشىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى زىندانغا سالدى.

(زىندان — بەش - ئالتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولانغان يەر ئاستى تۈرمە بولۇپ، ئورنى 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا كاشغەر كونا شەھەرگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان «ياسىن سەتەڭ» نىڭ چاسىدىكى ئىمارىتىگە توغرا كېلىدۇ). بۇ قېتىملىق قانلىق باستۇرۇش خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ئۇلارنى «ھەققە بويۇن سۇنۇدىغان» ھالغا كەلتۈردى. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگمۇ ئەسلىدىكى پىلانىنىڭ يېرىمىدىن دېگىدەك ۋاز كېچىپ، مۇھەممەت سادىق ئەلەم قاتارلىق مۆتىۋەرلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يېقىنلاشتى. بىراق، يۇرت - يۇرتتا ھاشار - مەدىكار سېلىپ، سېپىل سوقۇشقا ئىش باشلاش بىلەنلا، مۇھەممەت سادىق ئەلەمنىڭ تېرەنباغ (ھازىرقى «تۆرە يار باغ») دىكى، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ گۆھەر باغ (ھازىرقى ئارايار «گۈلباغ») دىكى باغلىرىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن سېپىل سوقتۇرۇپ، ئۆي ئىمارەتلىرىنى ۋەيران قىلدۇۋېتىش ئارقىلىق ئۆچ ئالدى («قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 2003 - يىل 3 - سانىغا قاراڭ). مۇھەممەت سادىق ئەلەم بۇ چاغدا 120 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۇنىڭدەك كاتتا ئالىم - ئۆلىمادىن يەنە بىرى يوق ئىدى. بۇنى

① مويدۇڭزا — كاللا كېسىش مەيدانى.

دېمىگەندىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋە تارىخ ساھەسىدىكى بىلىمىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقىدىن، مەيلى خوجىلار، مەيلى مانجۇ ئامبان - دارىنلار، مەيلى ھاكىمبەگلەرنىڭ ھەرقاندىقى ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ باقمىغان ئىدى. ھالا بۈگۈن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان بۇ ئۇلۇغ زاتنى ئەنە شۇنداق خانىۋەيران قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى، ئەمەلىيەتتە، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «مەرىپەتپەرۋەر» لىكتىن ۋاز كېچىپ، تەرەققىيپەرۋەرلىككە، يەنى ھاكىممۇتلەقلىققە يۈزلىنىپ، ئۆز پىلانى - غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ھەرقانداق توسالغۇنى يىمىرىپ تاشلىيالايدىغان قابىل ھۆكۈمرانغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەينى چاغدىكى كاشغەر شەھىرى سېپىلىنىڭ ئايلانمىسى تۆت چاقىرىم ئەتراپىدا بولۇپ، شىمالدا «سۇ دەرۋازىسى»، جەنۇبتا «قاراقىر دەرۋازىسى»، غەربتە «توققۇزاق دەرۋازىسى»، شەرقىي جەنۇبتا «كونا دەرۋازا» دىن ئىبارەت تۆت دەرۋازىسى بار ئىدى. «سۇ دەرۋازىسى» شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۈمەن دەرياسى بىلەن «بۇلاقبېشى» دىن سۇ ئەكىرىپ ئىچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئېرىق بار بولۇپ ياز كۈنلىرى «سالمىلىق يار (ھازىرقى كېرەمباغ دوختۇرخانىسى جايلاشقان يار)» دىن تۈمەن دەرياسى ئۈستىگە ياسالغان كۆچۈرمە (نو) ئارقىلىق كىرگەن سۇ ئاشۇ ئېرىقنى بويلاپ ئېقىپ كۆللەرنى تولدۇرۇپ، كوچا - مەھەللىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلىسىمۇ، ئۇرۇش پەيتلىرىدە «سالمىلىق يار» ئۈستىدىكى ئېرىق بوغۇۋېتىلسىلا «توققۇزاق دەرۋازىسى» دىن باشقا تەرىپى يەتتە - سەككىز مېتىر ئېگىز يار ئۈستىدىكى بۇ شەھەر سۇسىزلىقتىن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە ئۇزۇن مۇددەت بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇڭا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ يىراق كەلگۈسى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى كۆزلەپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى زامانىسىدىن ئۆز دەۋرىگە كەلگىچە توققۇز يۈز يىلدەك خان - پادىشاھ، شاھزادە - مەلىكە، ۋالى - ھاكىم بەگلەرگە سەيلىگاھ بولۇپ كەلگەن «بۇلاقبېشى» نى سېپىل ئىچىگە ئېلىش مەقسىتىدە، شەھەرنى شىمال، جەنۇبقا ئازراقلا كېڭەيتىپ، «توققۇزاق دەرۋازىسى» بىلەن «قوناق مەھەللىسى (ھازىرقى ئېگىرىقبېشى مەھەللىسى ئەينى چاغدا يىراق - يېقىندىن كەلگەن بازارچى - يولۇچىلار چۈشكۈن قىلىدىغان قونالغۇ - سارايلار جايلاشقان مەھەللە ئىدى)»، «جان ئاللا مەھەللىسى - گۆركارلار مەھەللىسى (ھازىرقى جانان كوچىسى)» ئەتراپىدىكى ھازىرقى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ھېيتگاھ مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبرىستانلىقنى تۈزلەپ، شەھەر سېپىلىنى «يۇمۇلاق شەھەر (لەينىڭ چېلىقى)» بىلەن تۇتۇتاشتۇرۇشنى پىلانلىدى. بۇ پىلان ئىچىدە «باش ئېرىق (بەش ئېرىق) مەھەللىسى» دىن يارنى كېسىپ يول ئېلىش (ھازىر بۇ جاي «كەسكەن يار» دېيىلىدۇ)، ئۆزى ئۈچۈن يېڭى «ئوردا (ھازىرقى مەمۇرىي مەھكىمە)» ياساشمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ شەھەر ئاھالىسىنى سېپىل ئىچىگە ئېلىنىدىغان جايلارغا ئازادە ئۆي - ئىمارەت سېلىپ كۆچۈپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، يېزىلاردىن شەھەرگە كىرىپ ئۆي - ئىمارەت سېلىپ ماكانلىشىشنى خالىغۇچىلارغا ھەقسىز ياكى ئەرزان باھادا ئۆيلۈك يەر بېرىشنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، بىر تۈركۈم يېزا بايلىرى بەس - بەس بىلەن بولغۇسى شەھەردىن يەر ئىگىلەپ كاتتا باغلىق ئىمارەت بىنا قىلىشقا تۇتۇنسا، ئۆي - ماكانسىز كەمبەغەللەر يارداڭلارنى تۈزلەپ، توپىسىدا كېسەك قۇيۇپ ئۆي سېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى (ھازىر ئېگىز ئېرىقبېشى مەھەللىسىدىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ بەزى تاملىرى يار ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولسا، «داموللا ھاجىم كوچىسى» دىكى قوشماق قەبرە — «ۋېنمى غوجام،

ۋېنجى خېنىم» مازىرى هازىرمۇ تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى يار ئۈستىدە، يەنى كىشلەرنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ مازارنىڭ هازىرقى هالىتى كاشغەر شەهىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى جۇغراپىيىلىك هالىتىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بۇ قەبرىلەردە ياتقان بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ بۇ يەرگە دەپن قىلىنغان يىل دەۋرى بىلەن ئۇلارنىڭ سالاهىيىتىنى بىلىپ بېقىش ئارخېئولوگلىرىمىزنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى ئىش بولسىمۇ، ۋىلايەتلىك ئاسار - ئەتىقىلەرنى قوغداش ئورنى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۇ مازارنى تىزىمغا ئالمىغان. «دورغا بەگ مەهەللىسى»، «ئارتۇم مەهەللىسى»، «ئەنجان كوچىسى»، «غوجارا ئاخۇنۇمنىڭ كوچىسى»، «چۆگۈنچى هاجىمنىڭ كوچىسى»، «باغ كوچا» قاتارلىق كوچا - مەهەللىلەر ئەنە شۇ قېتىملىق شەهەر كېڭەيتىشنىڭ مەهسۇلى هېسابلىنىدۇ.

«ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى» دېگەندەك، شەهەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشى زور كۆپچىلىك ئەمگەكچى خەلققە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن بولسا، بىر قىسىم پۇلدار بايلار بىلەن بەگ - بېگەتلەرنى يۇكسەك مەرتىبە، تۇگىمەس - پۈتمەس بايلىققا ئېرىشتۇرگەن. مەسىلەن، زوهۇرىددىن هاكىمبەگ يۇرت - يۇرتنىڭ چوڭ - كىچىك بەگلىرىنى ئوردىغا يىغىپ، ياسالغۇسى يېڭى ئوردا (هازىرقى مەمۇريي مەهكىمە) قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك ياغاچ - تاشنى يۇرت - يۇرتقا ئالۋاڭ سېلىپ قويۇپ يىغماقچى بولغان. ياغاچلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، ئىنچىكە - توملۇقىغا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويۇلغان بولۇپ، نورغۇن يۇرتلاردىن بۇنداق ئۆلچەملىك ياغاچلارنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا نورغۇن بەگلەرنىڭ بېشى ساڭگىلاپ جان قايغۇسىغا چۈشۈپ، نائىلاج «ماقۇل» دەپ يۇرتلىرىغا قايتىشقان. دەل مۇشۇ پەيتتە، مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، ئامبال - دارىنلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن: خانئېرىق، يوپۇرغىلاردىن نەچچە يۈز دېهقان «بورا كېپەن» بولۇپ (بورىنى تېشىپ كىيىپ)، ئالا - چۇقان كۆتۈرۈپ، «ئامبال يامېن (هازىرقى يېڭىشەهەر)» ئالدىغا كېلىشكەن، دەرۋازىۋەن چېرىكلەر شەهەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىۋېلىشقان ۋە چاپارمەن ئارقىلىق ئەهۋالنى ئامبالغا خەۋەر قىلىشقان، ئامبال تۇڭچى (تىلماچ، تەرجىمان) نى سېپىل ئۈستىگە چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن مۇنداق قىلغانلىقىنى سوراتقۇزغان. «بورا كېپەن» لەرنىڭ ئېيتىشىچە: ئوپالنىڭ بېگى يۇنۇس بەگ گەز دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن بىر ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ، دەريا سۈيىنىڭ بىر قىسمىنى شۇ ئۆستەڭگە باغلىۋالغاچ، خانئېرىق، يوپۇرغىلاردا سۇ يېتىشمەي، زىرائەتلەر ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتى: ئامبالنىڭ بۇ ئاجىز پۇقرالارنىڭ هالىغا يېتىپ، ئوپاللىقلار بۆلۈۋالغان سۇنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىكەن. ئامبال ئەهۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئۇلۇغ خانىمىزنىڭ پەرمانى بويىچە، مۇسۇلمان پۇقرالار ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى مۇسۇلمان هاكىمبەگلەر بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشقا بىز قول تىقىپ قويساق، هاكىمبېگىملەرگە هۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ، خاننىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز ... سىلەر ئاۋۋال ئەهۋالنى زوهۇرىددىن هاكىم بەگكە ئېيتىڭلار، ئەگەر ئۇ هەل قىلىپ بېرەلمىسە، پېقىر ئوتتۇرىغا چىقىپ هەل قىلىپ بېرەي ...» دېگەن. زوهۇرىددىن هاكىم بەگ «بوراكېپەن» لەرنىڭ دادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى چىرايلىق ۋەدىلەر بىلەن يولغا سالغان هەم چاپارمەن ئەۋەتىپ، يۇنۇس بەگنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەلگەن. يۇنۇس بەگ تولىمۇ هىيلىگە ئادەم بولۇپ، گەپنىڭ بېشىدىلا:

ھۆكۈمەتنىڭ بوز يەر ئېچىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئوپالنىڭ «دۆلەت بۇلىقى» (20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا نەسىللىك چارۋا فېرمىسى قىلىنغان، «قوي خوجىلىق» مۇ دېيىلىدۇ. ھازىر قىزىلسۇ تەۋەسىدە) دېگەن يېرىدىكى بوز يەرلەرنى ئېچىپ تېرىتقانلىقى؛ بۇلاق سۈيى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، گەز دەرياسىدىن ئازراق سۇ باشلاپ، شۇ ئەتراپنى كۆكلەمەيدانلىقىغا ئايلاندۇرماقچى بولغانلىقى؛ ئەمما بۇ ياخشى نىيىتىنىڭ بۇنداق يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى پەقەت ئويلىمىغانلىقىنى ئېيتىپ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئايىغىغا باش قويغان.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ يۇنۇس بەگكە قانداق جازا بېرىشنى بىلەلمەي، قانداق جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىغان. يۇنۇس بەگ «پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈمەن دەپ گۇناھكار بولۇپ قالغان» لىقىنى قايتا - قايتا سۆزلىگەندىن كېيىن، ئەگەر ھاكىمبەگ ئىجازەت بەرسە، چوقۇم خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. قانداق خىزمەت كۆرسىتىدىغانلىقى سورالغاندا، يۇنۇس بەگ: خانئېرىق، يوپۇرغىلىق دېھقانلارغا بولغان زىياننى تۆلەش بىلەن بىر چاغدا، ئوردا قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك بارلىق ياغاچنى ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى؛ بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى: ئوپال خەلقىنى سېپىل سوقۇش ھاشاسىدىن ئازاد قىلىپ، ياغاچ كېسىش، ياغاچ توشۇشقا ئاجرىتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ھەم ياغاچ كېسىش، توشۇش جەريانىدا ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ھادىسىلىرى يۈز بەرسە، ھېچقانداق كىشىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن خۇن دەۋاسى قىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغان. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇپلا قالماستىن، يارلىق يېزىپ بەرگەن.

يۇنۇس بەگ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ يارلىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، پۈتۈن ئوپال خەلقىنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ، بىر قىسمىنى ئويتاغقا ھەيدەپ چىقىپ، ئۇ يەردىكى نەچچە يۈز يىللىق قارىغايلارنى كەستۈرسە، بىر قىسمىنى يول ياساش، كۆۋرۈك ياساشقا ئاجرىتىپ، ئوپال بىلەن كاشغەر شەھىرى ئارىلىقىدىكى كونا يولنى ئۆزگەرتىپ ياسىتىپ، ئارىلىقنى خېلى جىق قىسقارتقان. ئۇدۇللۇق كېسىلگەن ياغاچلار ئۇدۇللۇق گەز دەرياغا تاشلىنىپ، «جىگدىلىك يول» (بۇ يول ئەينى چاغدا ئۇزاقتىن ئۇزاققا سوزۇلغان جىگدە ئورمىنىنى يېرىپ ئېلىنغاچ شۇنداق ئاتالغان بولسىمۇ، كېيىنچە «يول جىگدە» دېيىلىپ، ھازىر «ھۆل جىگدە» دېيىلمەكتە. شۇنداقلا، «ھۆل جىگدە» پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قالغان) ئەتراپىدىن سۈزۈۋېلىنغان، ھەتتا بىر قىسمى بورھىتاي (بۇلاقسۇ) دىن سۈزۈۋېلىنغان. ياغاچ كېسىش، دەريادىن سۈزۈش، كاشغەر شەھىرىگە توشۇش جەريانىدا ئۆلگەنلەرنىڭ «خۇنى» تۆلەنمىگەندىن سىرت، يارىلانغان - مېيىپ بولغانلارنىڭمۇ «ئۆز ئۆۋالى ئۆزىگە» بولغان. يۇنۇس بەگ ياساتقان كۆۋرۈك «خان كۆۋرۈكى» دەپ ئاتالغان، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يۇنۇس بەگ ئوپال خەلقىنى قان قاخشىتىپ توشۇتقان ياغاچلار كاشغەر شەھىرىدىكى «ھاكىمبەگ ئوردىسى» قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يېڭىشەھەردىكى «ئامبال يامىن» غىمۇ ئىشلىتىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ساقلانغان. يۇنۇس بەگ ئاشۇ خىزمىتى ئۈچۈن زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ يۇرت سورىغان. يۇنۇس بەگ گەز دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلىغان ھېلىقى ئۆستەڭ سۇدىن مەھرۇم بولۇپ، «ئاق ئۆستەڭ» دېگەن نام بىلەن ئۇزۇن يىل ساقلانغان. ئۇنىڭ «دۆلەت بۇلىقى» ئەتراپىدىن ئاچقۇزغان يەرلىرى پۈتۈنلەي ئۆز قولىدا قالغاندىن تاشقىرى ئوپالنىڭ بۇلاق

www.uyghurkitap.com

سۇلىرىنى باشقا يۇرتلارغا بىر تامچىمۇ بەرمەسلىك قانۇنلاشتۇرۇۋېلىنغان. ھىجرىيە 1280 ـ يىلى (مىلادىيە 1863 ـ 1864 ـ يىلى) يېزىلىپ، ئەسلى نۇسخىسى مەھمۇد كاشغەرى قەبرىگاھىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇرۇسۇل كېرىمدە، كۆپەيتىلمە نۇسخىسى پېقىردە ساقلىنىۋاتقان بىر ۋەسىيقىدىن مەلۇم بولۇشىچە: يۇنۇس بەگكە دادىسى پازىل بەگ (پازىل كالا) دىن نەچچە يۈز مو تېرىلغۇ يەر؛ كۆك كۆز (كۆك گەز) دىن 17 ئېغىز ئۆي، ئارا قورغان (ھازىرقى ئوپال بازىرى) دىن 22 ئېغىز ئۆي بىلەن ناھايىتى چوڭ باغ مىراس قالغان. (بۇ باغنىڭ ياتاقلىرى ھېلىمۇ بار). دېمەك، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋران سۈرگەن ئاخىرقى يىللاردا، كاشغەرنىڭ كالتە ـ سوكال بەگلىرى خەلقنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلىپ ھەددى ـ ھېسابسىز بېيىغان بولسا، ئەمگەكچى خەلق يىلدىن يىلغا نامراتلىشىپ، جان بېقىشقا ئامالسىز قالغان. مۇھەممەت سادىق ئەلەم (كاشغەرى) دەك بۈيۈك زاتلارنىڭ نەزەربەنت قىلىنغانلىقى، ھەقنى سۆزلىگەن بىر قىسىم يۇرت مۆتىبەرلىرى بىلەن بەگ ـ بەگزادىلەرنىڭ مويدۇكۇزىدا كاللىسى ئېلىنىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغانلىقى — زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «مەرىپەتپەرۋەر» لىكتىن «ھاكىممۇتلەق» لىققە، يەنى ھېچنېمىنى مەنسىتمەيدىغان قابىل ھۆكۈمرانغا ئايلانغانلىقىدىن تېخىمۇ ئېنىق دېرەك بېرىدۇ.

1838 ـ يىلى (داۋگۇاڭ 18 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، كاشغەرنىڭ 4 ـ دەرىجىلىك سودا بېگى ھامۇت رېھىم بەگ بېيجىڭگە بېرىپ، پادىشاھ داۋگۇاڭنى تاۋاپ قىلدى.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، كاشغەر شەھىرى سېپىلىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇچى «يۇمىلاق شەھەر (لەيىنىڭ چىڭ)» سېپىلى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ قەلئە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى كاشغەرگە قويغان تۇنجى نازارەتچى ئامبال يۇڭگۈيىنىڭ 1762 ـ يىلى 3 ـ ئايدىكى تەكلىپى، پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ تەستىقى، ئىش بېجىرگۈچى ئامبال خەيمىڭنىڭ رىياسەتچىلىكى؛ تۇنجى ئۇيغۇر ھاكىمبەگ، بايلىق گاداي مۇھەممەدنىڭ يۇرت ـ يۇرتقا ھاشار ـ مەدىكار، خىرىي ـ ئالۋاڭ قويۇپ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ تەشكىللىشى بىلەن شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا پۈتتۈرۈلگەن ۋە قەلئەدە تۇرغۇزۇلغۇسى مانجۇ ـ خەنزۇ ئامبال ـ دارىنلار، چېرىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئىچمىلىك سۈيىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە «يۇمىلاق شەھەر كۆلى» چاپتۇرۇلۇپ، توپىسى سېپىل سوقۇشقا ئىشلىتىلگەن. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى چېپىلماي لايلاپ كەتكەن بۇ كۆلنى چاپتۇرۇپ، ئەتراپىغا جىرىم قويدۇرۇپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردى. سەمەن يولىغا پىششىق خىش بىلەن دۈملىمە ئېرىق ياستىپ، شامالباغنىڭ سۈيىنى مۇشۇ ئېرىق ئارقىلىق سېپىل ئاستىدىن شەھەرگە ئەكىردى. شەھەرگىمۇ كىرىدىغان ئېرىق بېشى «نوبېشى»، شۇ ئەتراپتىكى مەھەللە «نو بېشى مەھەللىسى» دېيىلىدىغان؛ بۇ ئېرىقنىڭ «سانسىز مىرزا مەسجىتى (ھېيتگاھ جامەسىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى)» نىڭ كۆلىگە سۇ كىرىدىغان قىسمى «ئېگىز ئېرىق» ۋە بۇ ئېرىق جايلاشقان دۆڭلۈك «ئېگىز ئېرىق بېشى مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. (ئېگىز ئېرىقنىڭ پىششىق خىش بىلەن دوغاپتىن ياسالغان قىسمەن بۆكلەكلىرىنى ھازىرمۇ شۇ مەھەللىلىك بەزى كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئاستىدىن تاپقىلى بولىدۇ). سېپىل ئاستىدىن كىرىدىغان بۇ سۇ «ئىچكىرىكى شەھەر» گىچە يەتكۈزۈلۈش بىلەن بىر چاغدا، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئارقا كوچا، خالتا كوچىلىرى ئېرىق بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ، ئېرىق بويلىرى، كىشىلەرنىڭ ھويلا ـ ئارامىلىرىغا جىرىم ۋە مېۋىلىك كۆچەت قويۇلۇپ، پۈتۈن شەھەر يېشىللىققا پۈركەندى. ھەتتا بەزى بايلار سېپىل ئىچىگە ھەشەمەتلىك باغ بىنا قىلسا، بەزىسى باغ ئىچىگە كۆل چاپتۇرۇپ، ئۆز ئائىلىسى ۋە قولۇم-

قوشنىلىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. (مەسىلەن، «لىجىڭ (ھازىرقى شەھەرلىك 1 - بالىلار باغچىسى)» بىلەن «دامولا ھاجىمنىڭ كوچىسى» دىكى غوپۇر ھاجىم «چەلەك» نىڭ بېغىدىكى كۆل 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ئەينەن مەۋجۇد ئىدى). شۇڭا بۇ شەھەر كېيىنكى چاغلاردا، ھەممە كوچىلىرىدا ئەتىيازدىن كەچكۈزگىچە شىرقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان، ھەممە يېرى دەل - دەرەخ بىلەن قاپلىنىپ يېشىللىققا پۈركەنگەن، ھەممە يېرىدە قۇشلار سايراپ تۇرىدىغان ئەڭ گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەملىكەت ئىچى، سىرتىدا داڭق چىقارغان. مانا بۇ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى سانىلىدۇ.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ-نىڭ كاشغەر شەھرىنى كېڭەيتىپ ياساش ئارقىلىق، «مۇسۇلمان شەھرى (ئىچكىرى شەھەر)» نىڭ سىپىلىنى «يۇمىلاق شەھەر (لەيىنىڭ چېڭى)» بىلەن تۇتاشتۇرغانلىقى پادىشاھ چىيەنلۇڭ تۈزۈپ، يەتمىش نەچچە يىل ئەينەن ئىجرا قىلىنىپ كەلگەن «ئۇ مىللەتنى بۇ مىللەتتىن ئايرىۋېتىش» سىياسىتىگە دەسلەپكى قەدەمدە خاتىمە بەردى. مۇنداقچە ئېيتساق، جاھانگىر خوجا كاشغەر شەھرى (ئىچكىرىدىكى شەھەر) نى بېسىۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي (شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى) يۇمىلاق شەھەرنىمۇ بېسىۋالغان ۋە بۇ قەلئەدىكى تىرىك جان ئەۋلادىنى قويماي ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى 1827 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىڭ بۇ ئىككى قەلئەنى قايتۇرۇۋالدى. 1828 - يىلى چېگرا مۇداپىئە باش چىرىكچى ئامبالى جۇجىڭباۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، مىرزا ئىسھاق جۇنۋاڭ يۇرت - يۇرتقا خېنى - ئالۋاڭ، ھاشار -مەدىكار سېلىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە «يېڭىشەھەر (خەنچىڭ - خەنزۇ شەھرى)» نى ياساتقان ئىدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، «كاشغەر مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسى» بۇ قەلئەگە ئورۇنلاشقان. ئۇلاپلا، مىرزا ئىسھاق جۇنۋاڭ قىزىل دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىپ، «چىنخوزا» دا بىر چىرىك تۇرا لەڭزە، ھەربىي گازارما ياسىتىپ مۇكاپاتلاندى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى «چىنخوزا» دا ئەسكەر تۇرغۇزۇش بىلەن بىر چاغدا، «يۇمىلاق شەھەر» نى بۇرۇنقىدەكلا «لەيىنىڭ چېڭى» دەپ ئاتاپ، بىر بۆلەك چىرىك تۇرغۇزۇپ، كاشغەر شەھرىنىڭ جەنۇب ۋە غەرب تەرەپتىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەن ئىدى.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «مۇسۇلمان شەھرى (ئىچكىرى شەھەر)» نىڭ سىپىلىنى «يۇمى-لاق شەھەر (لەيىنىڭ چېڭى)» سىپىلىگە تۇتاشتۇرۇشى بىلەن «يۇمۇلاق شەھەر» تۈپ مەنىسى بىلەن «شەھەر ئىچىدىكى شەھەر» گە ئايلاندى، تېخىمۇ مۇھىمى، مانجۇ - خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن ئۇچرىشىشى، ئەركىن ئالاقىلىشىشى، بىر كۆلنىڭ سۈيىنى بىللە ئېچىپ، بىر شەھەردە بىللە ياشىشىدەك ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى. بۇ چاغدا، كاشغەر شەھرى سىپىلىنىڭ ئايلانمىسى سەككىز چاقىرىمغا يېتىپ، «سەئىدىيە سۇلتانلىقى» دەۋرىدىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئۆزارغان ئىدى.

1839 - يىلى (داۋگۇاڭنىڭ 19 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ كاشغەرنىڭ سودا بېگى ياقۇپ بەگ قاتارلىق تۆت كىشىنى بېيجىڭگە ئەۋەتىپ، خاننى تاۋاپ قىلدۇردى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «بىنام ئېچىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، مۇسۇلمانلار شەھرى (ئىچكىرىكى شەھەر — ئاپتور) نى رېمونت قىلىشتا كۈچ چىقارغىنى ئۈچۈن»، خان ئوردىسى ئۇنىڭغا «تارقاق تەرتىپ خان ئامبال» لىق ئۇتىغات ئىنئام قىلدى.

بۇ يەردە دىققەتكە سازاۋەر نۇقتا شۇكى، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، پادىشاھ داۋگۇاڭنىڭ 1836 ـ يىلىدىكى يارلىقىدا ئاقسۇدىن خوتەنگىچە سەككىز قەلئە ـ شەھەرنىڭ «سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەش» بۇيرۇلغان بولۇپ، «كېڭەيتىپ ياساش» تىلغا ئېلىنمىغان. «كونا ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى ئورىدا ياساش» مۇ ئوخشاشلا مەركەزنىڭ مۇددىئاسى بولماستىن، بەلكى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ خاھىشى ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئۇنىڭغا «خان ئامبال» لىق ئوتتغات بېرىش توغرىسىدىكى يارلىقتا «مۇسۇلمانلار شەھىرىنى كېڭەيتىپ ياساش» تىلغا ئېلىنماستىن، «مۇسۇلمانلار شەھىرىنى رېمونت قىلىش» دەپ يېزىلغان. «كېڭەيتىپ ياساش» بىلەن «رېمونت قىلىش» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىچىك بالىغىمۇ ئايان بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. ئەمما «شەھەر ئىسلاھاتى» تۈپەيلىدىن، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ بىلەن مۇھەممەد سادىق ئەلەم (كاشغەرى) قاتارلىق يۇرت مۆتىبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ ۋە قانلىق باستۇرۇشنى دەل مۇشۇ «مۇستەھكەملەش — رېمونت قىلىش» بىلەن «كېڭەيتىپ ياساش» كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى قىياس قىلىدىغانلىقىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمىز.

ھازىرغىچە، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار كاشغەر شەھىرىنى «ئىسلاھ قىلىش» 1839 ـ يىلى باشلىنىپ، 1840 ـ يىلى ئاياغلاشقانلىقىنى قايتا ـ قايتا قەلەمگە ئېلىپ كېلىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭچە بۇ، قىلچە پاكىت ئاساس يوق قىياس ياكى كېيىنكى چاغلاردا بەزى تارىخچىلار تەرىپىدىن ئاغزاكىي مەلۇماتلار ئاساس قىلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان يازمىلاردىكى ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ پاكىت سۈپىتىدە قوبۇل قىلالمايمىز. چۈنكى، كاشغەر شەھىرىنى بىر ھەسسە كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى «بىر يىلدىلا پۈتكۈزۈش» مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، بۇ تەتقىقاتچىلار دىۋان شاھان (باش كاتىپ) ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ماۋۇ بىر كۇپلېت شېئىرى:

«كى بىرمىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەشى تارىخىي پەيغەمبەر،
بەنا ئەتتى شاھ زوھۇرىددىن بەلەند ئەفتەر.
دىيارى ئېلىنىڭ ھالىگە رەھمەيلەپ ھىدايەتتىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم ئول گوياكى سەددى ئىسكەندەر».

نى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ «كى بىرمىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەشى تارىخىي پەيغەمبەر» دېگەن مىسراسىنى «مىلادىيە 1839 ـ يىلى» دەپ قاراپ، بۇنى «سېپىل سوقۇش ـ شەھەر ئىسلاھاتى باشلانغان چاغ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈدۇ ھەم نورۇز ئاخۇن كاتىپ (زىيائى) نىڭ:

«شاھ زوھۇرىددىن سۈلۈي ئامبال قىلىپ شەھەر بىنا،
ھىممەت ئالىيغا بۇ شاھنىڭ بارىكاللا، مەرھابا.
ئەسئەدۇس سائادەت ۋە پەلەكتىن قىلمىشتۇر نىشان،
بۇ بىنا تەئمىرنىڭ تارىخىغە ئەختەر نىدا».

دېگەن مىسرالىرىدىكى «ئەختەر نىدا» نى «مىلادىيە 1840 ـ يىلى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈ-

رۇدۇ ھەم بۇنى «شەھەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقان چاغ» دەپ چۈشەندۈرۈدۇ. ئەگەر مۇشۇ «پاكىت»لار توغرا بولۇدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، پادىشاھ داۋگۇاڭ 1836 - يىلى ئاقسۇدىن خوتەنگىچە سەككىز شەھەر - قەلئەنىڭ «سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن تۇرسا، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ زادى نېمە سەۋەبتىن بۇ بۇيرۇقنى تۇپتوغرا ئۈچ يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىدۇ؟

ئىككىنچى، پادىشاھ داۋگۇاڭ ئۆز بۇيرۇقى ئۈچ يىلغىچە ئىجرا قىلىنمىسا، سۈكۈت قىلىپ تۇرارمىدى؟

بۇ سوئاللارغا ئۆزىمىز جاۋاب بېرىپ باقايلى:

بىرىنچى، «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرى» 19 - ئەسىرنىڭ ئەڭ مۇقىم، ئەڭ خاتىرجەم يىللىرى بولۇپ، بۇ يىللاردا بىر قېتىممۇ ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى يۈز بەرمىگەن. «مالمانچىلىق» دېگەن سۆزدىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايتتى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى» دەل مۇشۇ «مۇقىملىق» ئىچىدە بارلىققا كەلگەن. شۇڭا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئۈچ يىللاپ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ھېچقانداق باھانە - سەۋەپ كۆرسىتەلمەيتتى.

ئىككىنچى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ «پادىشاھنىڭ ئەمرى — خۇدانىڭ ئەمرى» دەيدىغانلاردىن بولۇپ، پادىشاھ داۋگۇاڭمۇ ئۇنچىلا «يۇمشاق باش» ئەمەس ئىدى. شۇڭا «كېچىكتۈرۈش» مەسىلىسى مەۋجۇد بولمىغان. بىراق، تەتقىقاتچىلار ئەشۇ ئىككى كۇپلېت شېئىردىكى يىلنامىلارنىڭ بىرىنى «ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىشى»، ئىككىنچىسىنى «ئىسلاھاتنىڭ ئاخىرلىشىشى» دەپ شەرھلەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇردا تارىخنامىلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن ئۇچراشمىغان ياكى ئۇچراشسىمۇ ئۇلارغا ئېتىبارسىز قاراپ، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنى «پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدىغان باشباشتاق»، پادىشاھ داۋگۇاڭنى «بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىلا بىلىپ، ئىجراسى بولۇپ كارى بولمايدىغان كالۋا» قىلىپ قويغىنىنى تۇيمىغان. تېخىمۇ مۇھىمى، شەھەرنى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى «بىر يىلدىلا پۈتتۈرۈپ بولۇش» مۇمكىنچىلىكى يوقلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ھېسابقا ئالماي، قىياسىنى پاكىت ئورنىغا دەسسەتكەن.

ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، داۋگۇاڭنىڭ يۇقىرىدىكى بۇيرۇقى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1836 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ياكى ئاخىرىدا كاشغەرگە يېتىپ كەلگەن. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگمۇ ئەڭ كېچىككەندە شۇ يىلنىڭ ئاخىرى ياكى 1837 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىشنى سېپىل سوقتۇرۇشتىن باشلاپ، 1838 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سېپىلنىڭ جەنۇب - شىمال ئۇچىنى «يۇمۇلاق شەھەر (لەينىڭ چېكى)» سېپىلى بىلەن تۇتاشتۇرغان. بۇ خەۋەر ئوردىغا يەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ داۋگۇاڭ 1839 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگكە «خان ئامبال» لىق ئۇتىغات بېرىش توغرىسىدىكى يارلىققا ئىمزا قويغان. زامانىمىزغا كەلگەندە، بۇ يارلىقنىڭ مەزمۇنى خەنزۇ ئاپتورلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولدى. بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا نېمە ئاساسىمىز بار؟!

(داۋامى بار)

(ئابلا ئەھمىدى: قەشقەر گېزىتىدە)

www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەد ئىمىن گۇمنام (ھىرقىتى)نىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرى، ئەۋلادلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئابلىمىت ئىمىن

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق مەشھۇر داستاننىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئىمىن گۇمنام (80 ـ يىللاردا مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل خىرقىتى دېيىلەتتى) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، شائىرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەشھۇر ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ قەشقەر تازغۇن «باغچى» يېزىسىدا تۇغۇلغانلىقىنى، ئافاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىدا چىراقچى ۋە كاۋاپچى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى ئۇچۇق يازغان، دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇ مىلادىيە 1634 ـ يىلى (ھىجرىيە 1044 ـ يىلى) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تازغۇن يېزىسىنىڭ «باغچى» يېزىسىدا تۇغۇلۇپ 1724 ـ يىلى تەخمىنەن 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھىرقىتى (كونا چاپان) 16 يىل خانلىق مەدرىسەدە (قەشقەر خانلىق مەدرىسەسى) ئوقۇپ ئەرەب ۋە پارس تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە مەشغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنى قېتىرقې-نىپ ئوقۇغان. تەخمىنەن 30 يېشىدىن كېيىن دادىسى خوجامقۇل بىلەن ئافاق خوجىنىڭ تازغۇندىكى بېغىدا باغۋەن بولۇپ تۇرغان. يۇقىرىقى تەرجىمىھال دەسلەپكى قېتىم 1980 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپچان ئېلىيۇپ بىلەن ئاتاقلىق تەرجىمان رەھمىتۇللا جارى مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابتا قىسقىچە بېرىلگەن ۋە يۇقىرىقى كىتابتا «مۇھەببەتنا-مە ۋە مېھنەتكامە» دىن بىر باب ۋە بىرقانچە غەزەل بېرىلگەن. كېيىنكى كۈنلەردە «مۇھەببەتنا-مە ۋە مېھنەتكامە» مەخسۇس كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. مەزكۇر كىتابتىمۇ يۇقىرىقى تەرجىمىھال بېرىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى ھىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئېلان قىلغان ماقالىلاردا ھىرقىتى ۋە ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىشلەر كەم بولدى، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارمۇ ۋايىغا يەتمىدى، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا شائىر بۇ داستانىنى 30 يېشىدىن ئاشقاندا يازغانلىقى مەلۇم، شائىرنىڭ ۋاپاتىغا بۇ يىل 280 يىل توشتى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن 20 يىلدىن بۇيان ئۆزۈم ئىزدىنىپ، خاتىرە قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان ماتېرىياللىرىم ئاساسىدا ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەد ئىمىن گۇمنام (ھىرقىتى) نىڭ تېخىچە كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان ھايات پائالىيىتى ۋە «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى يۈزەكىي بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇناقچىمەن.

## 1. خىرقىتىنىڭ كېيىنكى ھاياتى ئۆتكەن يۇرتى ۋە ئەۋلادلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئۇچۇر

1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە قەشقەر چىنىۋاغ مېھمانخانىسىدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىر قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. يىغىن ئارىلىقىدا مەرھۇم ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى، مەرھۇم شائىر قۇربان ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئۈچىمىز ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. قۇربان ئىمىن ئەپەندى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابنى كۆتۈرۈپ بىز سۆھبەتلىشىۋاتقان ياتاققا كىرگەندە، ئۆتكۈر ئەپەندى قۇربان ئىمىننىڭ قولىدىكى كىتابقا نەزەر تاشلاپ:

— قۇربان ئىمىن بۇ كىتابنى ھەر كۈنى كۆتۈرۈپلا يۈرۈيلىغۇ؟ بىر تەتقىق قىلاي دەملا نېمە؟ — دېدى.

— شۇنداق! — دېدى قۇربان ئىمىن، — بۇ كىتابقا كلاسسىكلىرىمىزدىن 10 نەچچە كىشىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلۈپتۇ. مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل خىرقىتىنىڭ (ئۇ چاغلاردا خىرقىتى دېيىلەتتى) ئەسەرلىرى ماڭا خېلى يىللاردىن بېرى تونۇش ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىزنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق باغچى يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، بۇ كىتابتا «باغچى يېزىسىدىن» دەپ ئېنىق يېزىپتۇ. يېقىندىن بۇيان خىرقىتى توغرىسىدا تولۇقراق بىر تەرجىمىھال ئىشلەي دەپ، باغچى يېزىسىغا نەچچە قېتىم باردىم. ئەپسۇس ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدىم. نە ئەۋلادى نە قەبرىسى چىقمىدى، — دېدى. قارىغاندا شۇ چاغلاردا خىرقىتىنىڭ ئەسەرلىرى قۇربان ئىمىنگە قاتتىق تەسىر قىلغان چېغى، قۇربان ئىمىن خىرقىتىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئىزدەنگەن بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن.

— ياش بىر يەرگە بارغاندا مۇشكۈل ئىشقا تۇتۇش قىلىپلا، — دېدى ئابدىرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى، — قەشقەردە قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ھازىرغىچە ئېلىپ ئېيتساق سانسىز كاتتا شائىر ۋە يازغۇچىلار، ئالىملار ئۆتكەن، ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغانلىرى ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى، دېگىنىمىزدىن تامچە دېسىلە، خىرقىتىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلگىرى مەنمۇ خەۋەردار ئىدىم، بىلىشىمچە بۇ كىشىنىڭ ئەل ئىچىگە تارالغان ئەسەرلىرى خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاشكارە بولغانلىرى ھەم ئاشكارە بولمىغانلىرىمۇ بار، ئەمدى خىرقىتىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك مەن بىلىدىغان ئۇچۇرلاردا دېيىلىشىچە، خىرقىتى ئافاق خوجىنىڭ ھوزۇرىدا بىر مەزگىل تۇرغان، ئۇ ئافاق خوجىنىڭ ئالاھىدە يېقىن كىشىلىرىنىڭ بىرسى، ئۇنىڭ ھاياتى ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدە ئۆتكەن. قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ باغچى يېزىسىدىن ئۇچۇر تېپىلماسلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس، بىلىشىمچە، ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بارىن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن. مەن شۇنچىلىكلا بىلىمەن، ئەگەر بۇ توغرىدا ئىزدىنىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىلا يېڭىسار بارىنغا بارغانلىرى تۈزۈك، شۇ يەردە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بار، بۇ گەپنى يېقىندا ئەخمەت زىيائىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى، — دېدى.

— رەھمەت سىلىگە بۇ بىر يېڭى ئۇچۇر بولدى، ئەمدى يېڭىسار بارىنغا بىر قېتىم بېرىشقا توغرا كەلدى، — دېدى قۇربان ئىمىن. شۇ ئارىدا مەن ئاقساقاللىق قىلىپ:

— يېڭىسار ناھىيىسىدە ھازىر بارىن دېگەن يۇرت يوق، 1954 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى قۇرۇلغان چاغدا بارىن يېزىسىنى يېڭىساردىن ئايرىپ ئاقتۇ ناھىيىسىگە قوشۇۋەتكەن. قەدىمكى بارىن ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە. ئەگەر بارماقچى بولسىلا ئاقتۇ ناھىيىسىگە

www.uyghurkitap.com

بارسىلا، مەن ئۆزلىرىگە ياردەمدە بولىمەن، — دېدىم. شۇ گەپ ئۈستىگە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ كونا بۇرادەرلىرىدىن قەشقەر شەھەرلىك تارىخچى ئىمىر ھۈسەيىن قازى باشلىق بىرنەچچە كىشى كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خىرقىتى توغرىسىدىكى گەپلىرىمىز شۇ جايىدا قالدى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن مەن ئاقتۇغا قايتىپ كەلدىم. شۇ يىلى كۈزدە مەن ئاقتۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قىرائەتخانىسىدا قەلەمداش دوستۇم ئابلىز تەۋەككۇل بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، قۇربان ئىمىن بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندى ئوتتۇرىسىدا خىرقىتىنىڭ يۇرتى توغرىسىدا بولغان گەپلەرنى ئېيتىپ بەردىم، ئابلىز تەۋەككۇل ماڭا بارىن يېزىسىدا سۇلايمانقۇل خوجا دەيدىغان بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ دادىسىنىڭ نامى خوجامقۇل ئاخۇنۇم دېيىلىدىغانلىقىنى، خوجامقۇل ئاخۇنۇم دېگەن ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، سۇلايمانقۇل خوجا دېگەن كىشىنىڭ ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭمۇ ياكى دائىمى كومىتېتىنىڭمۇ ھەيئەت ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ «ھازىر بارىندا خوجامقۇل خىرقىتىنىڭ ئەۋلادى بار دېسەك، ئاشۇ سۇلايمانقۇل خوجا بولۇشى مۇمكىن» دېدى، مەن «ئەگەر ئاقتۇغا قۇربان ئىمىن كېلىپ قېلىپ مېنى تاپالماي قالسا، چوقۇم مەدەنىيەت يۇرتىغا كىرىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇ كىشىگە ھەمراھ بولۇپ بارىنغا باشلاپ بارارسەن» دەپ تاپىلاپ قويدۇم. كېيىنكى كۈنلەردە قۇربان ئىمىننىڭ ئاقتۇغا كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالدۇق.

1986 - يىلى مېنىڭ خىزمىتىم قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئاتۇشقا يۆتكەلدى. شۇ يىلى ئاتۇشقا كېتىۋېتىپ قەشقەردە توختاپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە قۇربان ئىمىننى ئىزدەپ كىرسەم ئۇ كىشى بار ئىكەن. پاراڭ ئارىلىقىدا «خىرقىتى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ئاقتۇغا باردىلىمۇ؟» دەپ سورىدىم، قۇربان ئىمىن «ئىنىم، كېسەلمەن بولۇپ قالدىم، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق دېگەندەك بولدى. ماڭا پۇرسەت بولمىدى. بۇ ئىشلارنى ئەمدى سىلەر ياشلار قىلىڭلار» دېدى. توساتتىن بۇ مۇشكۈل ۋەزىپە مېنىڭ زىممەمگە چۈشكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ يىللاردا مەن ھەربىي قىسىمدا بولغىنىم ئۈچۈن پۇرسەت بولمىدى ... ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.

## 2. ھىرقىتىنىڭ ئەۋلادى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىش

1987 - يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم كۈنلىرى مەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياقۇتخان ئىسلام ئاچىنىڭ ياتىقىغا يوقلاپ ياردىم. ئۇ بىر موللام سۇپەت ئادەم بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى خۇشال كۈتۈۋالدى. ھېلىقى موللام سۇپەت ئادەم بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم، ئولتۇرغاندىن كېيىن ياقۇتخان ئاچا ماڭا ھېلىقى موللام سۇپەت ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ كىشى بىزنىڭ ئاقتۇ بارىندىن، ھەقچان سەن تونۇمايسەن، بۇ كىشى ئافاق خوجامنىڭ ئەۋلادىدىن سۇلايمانقۇل خوجا دېگەن كىشى بولىدۇ، سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا كەلگەن ئىدى، مېنى يوقلاپ كىرىپتۇ، ئەمدى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇق، سەن كىردىڭ، سىلەر پاراڭلىشىپ تۇرۇڭلار، مەن سىرتقا چىقىپ كېلەي، — دەپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ياتاق سۇلايمانقۇل خوجا بىلەن ئىككىمىزگە ئۇچچە قالدى. مەن مۇشۇ كۈنلەرگىچە نۇرغۇن تەزكىرە ۋە تارىخلارنى كۆرگەن، موللا - ئۆلىمالىرىمىزنىڭ، ئەدىب، ئالىملىرىمىزنىڭ ئافاق خوجا ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىدە بولغان، لېكىن ئافاق خوجا ئەۋلادىنىڭ ھازىرمۇ بۇ ئالەمدە ھايات ياشاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن. ئەگەر بۇ كىشى مەن

ئاڭلىغان شائىر مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇل خىرقىتىنىڭ ئەۋلادى بولسا، خوجامقۇل ھىرقىتى ئافاق خوجىنىڭ ئەۋلادى بولمىغىدى؟ ئۆتكۈر ئەپەندى «ھىرقىتى ئافاق خوجىنىڭ يېقىنلىرىدىن» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەگەر بۇ كىشى ئاپپاق خوجا ئەۋلادىدىن بولسا، چوقۇم ھىرقىتىنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، دېگەندەك گادىرماش خىياللار ئىلكىدە بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتتىم ۋە ئاخىرى ئېسىمگە كېلىپ سورىدىم.

— سىلە راستىنلا ئافاق خوجامنىڭ ئەۋلادىدىنمۇ؟ نەچچىنچى نەۋرىسى بولىلا؟ — دەپ سورىدىم.

— ۋاي ئۇكام، ياقۇتخان ئالماشتۇرۇپ قويىدى. باشقىلارمۇ بىز خەقنى ئافاق خوجا ئەۋلادىدىن دەيدۇ، بىز ئەۋلادى ئەمەس، ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز يوق، بىز خەقنىڭ ئەجدادلىرى ئافاق خوجامنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىكەن، ئافاق خوجامنىڭ يېقىنى خوجامقۇل ئەلەم، مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇل خىرقىتى دېگەن شائىر كىشى بىزنىڭ يىراق ئەجدادلىرىمىزدىن بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا سۇلايمانقۇل خوجا ئافاق خوجىنىڭ 8 - ئەۋلادى، 9 - نەۋرىسى ئىكەن، دېگەن گەپلەر تولا، كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويغىلى بولامتى، ھەممە كىشىگە «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەپ چۈشەندۈرۈپ بولماق تەس. سىلىدەك خالىي جايدا سورىغانلارغا «ياق!» دەپ چۈشەندۈرۈپ كەلدىم. ئۆز ئەجدادى بولمىغان ئۇلۇغلارنى ئەجدادىم دەۋېلىش ئىسلام شەرىئىتىدە چەكلەنگەن. يۇقىرىقى گەپلەر كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان، — دېدى. سۆھبىتىمىز شۇنچىلىكلا داۋاملىشىپ خوشلاشتۇق. خوشلىشىۋېتىپ سۇلايمانقۇلغا «مەن سىلىنى بىر كۈنى ئىزدەپ بارىمەن» دەپ ئەسكەرتىپ قويدۇم. ئۆتكۈر ئەپەندى بەرگەن ئۇچۇر توغرا چىقتى. راستىنلا ئاقتۇ بارىندا ھىرقىتىنىڭ ئەۋلادى بار ئىكەن. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 90% دىن كۆپرەكى دېگۈدەك 3 - ئەجدادىدىن يۇقىرىلىرىنى بىلمەيمىز، دادىمىز ئالەمدىن ئۆتسە، پەقەت دادىمىزنىڭ تۇپراق بېشىغىلا چىقىپ ھېيت - ئايەملەردە دۇئا - تىلاۋەت قىلىمىز. چوڭ دادىمىزنىڭ تۇپراق بېشىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. نېمىلا بولمىسۇن سۇلايمانقۇل دېگەن بۇ ئادەم ئافاق خوجا زامانىسىدىكى ئافاق خوجا بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئەجدادلىرىنىڭ نامىنى بىلىدىكەن، مۇشۇ كىشى ئارقىلىق ھىرقىتى توغرىسىدا تولۇق بىر تەرجىمىھال توختۇتۇش تامامەن مۇمكىن، دېگەن خىياللار مېنىڭ كاللامدىن بىر مىنۇتمۇ چىقىپ كەتمىدى. ئەمما سۇلايمانقۇل خوجا بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى بولمىدى.

### 3. ھىرقىتىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئاتا - ئەجدادلىرى، ئەۋلادلىرى توغرىسىدا خاتىرىلىك بايان

1988 - يىلى كۈزدە ۋاقىت چىقىرىپ ئاقتۇ بارىنغا سۇلايمانقۇل خوجامنى يوقلاپ باردىم. بۇ قېتىم ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ سۆھبەتلەشكىنى كەلگەنلىكىمنى، سۆھبەتلەشىشكە ۋاقتىنىڭ بار ياكى يوقلىقىنى ئەدەپ بىلەن سورىدىم.

— سىلەر يىراقتىن يوقلاپ كەپتىلا، مېھمان دېگەن ئۇلۇغدۇر. شۇڭا ۋاقىت بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۈممىدلىرىنى يەردە قويۇش راۋا ئەمەس، قېنى گەپنى نەدىن باشلايمىز؟ سىلە سورىسىلا، مەن جاۋاب بېرەي، — دېدى سۇلايمانقۇل خوجا خۇشخۇيلۇق بىلەن.

مەن باشتا ئۆزۈمنىڭ شائىر مۇھەممەد ئىمىن ھىرقىتى توغرىسىدا ئۆزۈم بىلىدىغان قىسقىچە تەرجىمىھالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، سۇلايمانقۇل خوجىدىن خوجامقۇل ھىرقىتى

www.uyghurkitap.com

بىلەن قانداق نەسەبداش كېلىدىغانلىقىنى بۇ توغرىدا يازما تەزكىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئەگەر ئائىلە - نەسەبنامىسى بولسا كۆرۈۋېلىشقا - خاتىرىلىۋېلىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ئېھتىيات بىلەن دېدىم، سۇلايمانقۇل خوجا گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچىنى تىڭشاپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇزاق زامانلار ئۆتتى، ئافاق خوجام ياشىغان زامان دېگەن قاچان دەيدىڭلا، ئارىدىن مانا 200 نەچچە يىل ئۆتتى دېگەن گەپ، مۇشۇ 200 نەچچە يىل مابەينىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئافاق خوجامغا يېقىنلىقى سەۋەبلىك راھەتمۇ كۆردۇق، جاپامۇ تارتتۇق، مۇشۇ سەۋەبلىك ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە جېنىدىن جۇدا بولغانلارمۇ بار، تولا ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئەمدى نەسەبنامىگە كەلسەك، نەسەبنامە بار ئىدى، مېنىڭ قولۇمدا يوقالدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئاشۇ شائىر بوۋىمىز مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتى ئۆز قولى بىلەن يازغان «خوجام پادىشاھىم» دەيدىغان بىر كىتاب بار ئىدى. بۇلارمۇ قولدىن چىقىپ كەتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن ھەرىكەت ئەجەپ ھەرىكەت بولغان ئىكەن. شۇ ھەرىكەت ھەممىنى يوقاتتى، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن مەن ۋە مېنىڭ بارلىق تۇغقانلىرىم يەنە ھۆرمەت - ئېتىبارغا ئېرىشىپ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆردۇق. ئەمدى ئەسلى مەقسەتكە كەلسەك، بىزنىڭ ئاتا - ئەجدادلىرىمىز ھەزرىتى ئافاق خوجامنىڭ زامانى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى ھازىرغىچە، پاكىنى خوجام، پوستانى ئاخۇنۇم بولۇپ ئۇلۇغ نام بىلەن ئاتىلىپ كەپتۇ، كىشىلەر بىزنى «خوجا ئەۋلادى»، «ئافاق خوجامنىڭ نەسلىدىن» دېيىشىدۇ، راست گەپنى دېسەم ئۇنداق ئەمەس. يوقالغان ئائىلە نەسەبنامىسى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن، شۇنداقلا مەن بىلىدىغان، دادام خوجامقۇل ئاخۇنۇم ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەلەردىن مەلۇم بولىشىچە، بىزگە مەلۇم بولغان بىرىنچى ئەجدادىمىز مۇھەممەد ئىمىن دېگەن كىشى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال دېگەن يېرىدىن ئىكەن. ئۇ ئافاق خوجامنىڭ دادىسىنىڭ يېقىنى ئىكەن. ئۇ ئۆمرىدە بىرلا ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، بۇ ئوغلىغا پىرى مەختۇم ئەزەمگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بولسا كېرەك، «خوجامقۇل» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى قويغان ئىكەن، ئاشۇ خوجامقۇلمۇ ئوپال دىيارىدا ئۆيلىنىپ، چوڭ بولغان كاتتا باغۋەن كىشى ئىكەن. ئافاق خوجام باش كۆتۈرگەن دەسلەپكى يىللاردا، ئافاق خوجام ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى يېزىسىدا بىر كاتتا باغ بىنا قىلماقنى نىيەت قىلىپ بوۋىمىز خوجامقۇلنى ئەشۇ باغچى يېزىسىغا يۆتكەپ كەپتۇ، ئاپپاق خوجا باغ بىنا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەر «قومۇشباغ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتىكەن، خوجامقۇل ئەشۇ باغدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھ ئىگەم ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلغان، ئۇ ئوغلىغا «مۇھەممەد ئىمىن» دەپ ئىسىم قويغان. سىز سۈرۈشتۈرگەن خىرقىتى (خىرقىتى دېگەن كونا چاپان، يەنى دەرۋىشلەر كىيىدىغان كونا قوراق چاپان) مانا مۇشۇ مۇھەممەد ئىمىندۇر. ئۇنى «باغچى يېزىسىدا تۇغۇلدى» دېگىنى راست، نەسەبنامىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خوجامقۇل ئافاق خوجامنىڭ ئاشۇ كاتتا بېغىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە — بۇ ئۆرۈك ئالا بولغان چاغ ئىكەن. ساق بىر ھەپتە توختىماستىن يامغۇر يېغىپ ئالەم گويا دېڭىزغا ئايلىنىپتۇ، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، زېمىن توپ - تۈز بولۇپ، كەلكۈن يامراپ زىرائەتلەر نابۇت بوپتۇ، ئارقىدىن توختىماستىن ئۈچ كۈن بوران چىقىپ دەل - دەرەخلەرمۇ نابۇت بوپتۇ. گويا قىيامەت بولغاندەك توپان بالاسى كەلگەندەك بوپتۇ. باغچى ئەتراپىدا ئادەم ياشاشقا ئامال قالماپتۇ، كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ، ئاپەتتىن كېيىن ئافاق خوجام ئامان قالغانلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئاپەت بولمىغان يەرلەردىن پاناھلىق جاي تېپىپ بېرىپتۇ. ئاشۇ

چاغدا ئىشلەيدىغان يېقىنلىرىدىن بەش ئائىلە كىشىنى تۆۋەندىكى بەش يۇرتقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

بىر ئائىلىنى ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بورىغتاي (بۇلاقسۇ) يېزىسىنىڭ قارىۋاغ دېگەن يېرىگە، بىر ئائىلىنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خان ئېرىق دېگەن يېرىگە، بىر ئائىلىنى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ تاشمىلىق تەۋەسىدىكى تېرىم دېگەن يەرگە، بىر ئائىلىنى ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسى پىلال يېزىسىنىڭ يېڭىۋاپا دېگەن يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ بوۋىمىز خوجامقۇلنى مۇشۇ بارىن يېزىسى بارىن كەنتىدىكى ھويلا ئالدى دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن، ئەسلىدە مۇشۇ كەنتتە، ئافاق خوجامنىڭ ئۆزىگە تەۋە بىر باغلىق ھويلىسى، 100 موچە يېرى بار ئىكەن، بوۋىمىز خوجامقۇل ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئافاق خوجامنىڭ ئالاھىدە يېقىن كىشىسى بولغىنى ئۈچۈن ئاشۇ باغلىق ھويلا بىلەن 100 موچە يەرنى بوۋىمىز خوجامقۇلغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەن ئىكەن. ئاشۇ توغرىدا ئافاق خوجامنىڭ بىر پارچە مۆھۈر خېتى (تامغىلىق خەت) بار ئىدى، مەن بۇ خەتنى يەر ئىسلاھاتىدا، يەر ئىسلاھاتىگە چۈشكەن كادىرلارغا بېرىۋەتكەن، بوۋىمىز خوجامقۇل يالغۇز باغۋەنلا بولۇپ قالماستىن، ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، زامانىسىدا ئەتراپى ئالەمدە خېلى تەسىرى بار كىشى ئىكەندۇق. ئافاق خوجام، يېقىن ئەتراپتىكى يەتتە يۇرتنىڭ ئەلەملىك مەنسىپىنى بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بوۋىمىز خوجامقۇل ئەلەم دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بوپتۇ.

(ئەلەم - خەلق تىلىدا ئەلەم ئاخۇنۇم دېيىلىدىغان بولۇپ، قازى قالاندىن تۆۋەن تۇرىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ۋە تەرىقەت ئىلمىنى ۋە قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق بىلىدىغان، ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەمەللىشىشىنى نازارەت قىلىدىغان، قولىدا مەۋجۇد ھۆكۈمران سىنىپ تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن مۆھۈرى (تامغىسى) بار، يۇرتنىڭ دىنىي يولباشچىسى، خەزىنىدىن خىراجەت ئالىدىغان كىشى) مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتى دەل مۇشۇ خوجامقۇل ئەلەمنىڭ ئوغلىدۇر.

ھىرقىتى دادىسىنىڭ قولىدا ساۋادىنى چىقارغان كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇپ قۇرئانغا مەنە ئېيتالايدىغان (ئۇ دۆل تەرجىمە قىلىپ تەپسىر قىلىدىغان) تەپسىرشۇناس بولۇپ يېتىشكەن ۋە شائىرلىق تالانتى تېزلا نامايەن بولغان، ھۆسنىخەت ئىلمىدە زاماداشلىرىنى تاڭ قالدۇرغان، شائىرلىق ۋە ھاپىزلىق بابىدا يىراق - يېقىنغا مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ ئاۋازى تەبىئىي ياڭراق ھەم سۇزۇك بولغىنى ئۈچۈن ئۇ خانىقالاردا بىر قولىدا ساپايە سوقۇپ، بىر قولىدا قۇلىقىنى تۇتۇپ ھۆكمەت ئېيتقان چېغىدا ھەرقانداق تاش يۈرەك كىشىلەرنىڭمۇ ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، قەلبى لەرزىگە كېلىپ يىغلاپ تاشلايدىكەن.

ئۇ ئافاق خوجامنىڭ تازغۇندىكى ئاشۇ بېغى تېخى ۋەيران بولمىغان چاغلاردا ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ئاشۇ باغقا يېنىپ كەلگەن ۋە ئۆزىمۇ كاتتا باغۋەن بولۇپ يېتىشكەن، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئافاق خوجامنىڭ ئاشۇ باغدا ئىشلەيدىغان بىر مۇرىتى ۋاپات بولغان، ئافاق خوجا ئاشۇ مۇرىتىنىڭ مېيىت نامىزىغا كەلگەن، نامازدىن كېيىن مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغان چاغدا، شۇ زامانىنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن ھازىدارلار قاتارىدا كېتىۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ھۆكمەت ئېيتىپ ماڭغان. ئۇنىڭ ياڭراق ھەم سۇزۇك ئاۋازى ھەم يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئېيتقان ھۆكمىتى ھازىدارلار قاتارىدا كېتىۋاتقان ئافاق خوجامنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋەتكەن. شۇ سەۋەبلىك ئافاق خوجام ئۇنى يېنىغا ئېلىپ كەتكەن. ئۇ دەسلەپتە گۈل ئۆستۈرگەن، كاۋاپچىلىق قىلغان، چىراقچى، ھەم ھاپىز بولغان، كېيىنكى كۈنلەر مۇنشى (كاتىپ)، سەرمۇنشى (باش كاتىپ) بولغان، ئۇ ئوردىدا نورغۇن ھۆكمەتلەرنى يازغان، ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغان، كېيىن باشقا سوپىلار ئۆگىنىپ، ئېيتىپ

www.uyghurkitap.com

ئەل ئىچىگە تاراپ كەتكەن. ھىرقىتى ناھايىتى ئۇستا راۋاپچى ئىكەن، بەزى ھۆكمەتلىرىنى راۋاپ بىلەن ئېيتىدىكەن. ئۇ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، ھۆكمەتلىرى ۋە غەزەللىرىدىن بىر كىتاب تۈزگەن، بۇ كىتابى شاھزادە ــ مەلىكىلەر ئارىسىدا قاتتىق تەسىر قوزغاپ، قولدىن ــ قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلگەن، چاتاق دەل مۇشۇ كىتابتىن چىققان. مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوردىدىكى يۇقىرى ئابرۇي ۋە ئىززەت ــ ھۆرمىتى، بىلىم ــ ئىستىبداتىغا ھەسەت قىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم سوفى، ئىشانلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى دەھرىلىك ۋە شەھۋانىيلىقتا ئەيىبلەپ كۇفرلۇقتا چىقىرىپ، ئافاق خوجامغا سۇنغان. ئەيىپلىگەنلەر ئافاق خوجامنىڭ يېقىنلىرى بولغاچقا، ئافاق خوجام ئۆزىنىڭ بۇ ئىناۋەتلىك يېقىنلىرىنىڭ رايىنى رەت قىلىشقا ئىلاجىسىز قېلىپ، مۇھەممەد ئىمىنگە «ئوردىدىن قوغلاش جازاسى»نى بەرگەن. مۇھەممەد ئىمىن ئوردىدىن قوغلىنىپ بارىنغا — دادىسىنىڭ يېنىغا كەلگەن، ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ خوجامقۇل ئەلەم بارىندا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئافاق خوجام ئۇ كۈنلەردە يىراقتا بولغىنى ئۈچۈن خوجامقۇل ئەلەمنىڭ مېيىت نامىزىغا كېلەلمىگەن، كېيىن قىرىق نەزىرسىگە نەچچە يۈز مۇرىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق بارىنغا يېتىپ كەلگەن ۋە نەزىر ئىشىغا داخىل بولغان.

داستىخان خوجامقۇل ئەلەمنىڭ بارىندىكى ھويلىسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى سەيناغا سېلىنغان. دۇئادىن كېيىن ئافاق خوجام ئورنىدىن تۇرۇپ، شەرىئەت ۋە تەرىقەت بابىدىن ئۇزاق ۋەز ئېيتقان، ۋەزدىن كېيىن نەچچە مىڭ كىشىنىڭ ئالدىدا مۇھەممەد ئىمىننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزۇپ، يېنىدا توختۇتۇپ، بېشىدىكى سەللە ــ كۇلاسىنى ئېلىپ مۇھەممەد ئىمىننىڭ بېشىغا كېيدۈرگەن، ئاندىن ئۇچىسىدىكى شاھانە تونىنى كېيدۈرگەن، بېلىنى شاھانە بەلباغ بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «خوجامقۇل ئەلەم ئاللاھنىڭ قۇلى، ھەم مېنىڭ مۇرتۇم ئەردىلەر، ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى، ئەمدى يەنە مۇھەممەت ئىمىن ھەم مېنىڭ قۇلۇمدۇر، ھەم يېقىن دوستۇمدۇر، مەنمۇ خوجا، مۇھەممەت ئىمىنمۇ خوجىدۇر. ھەم مېنىڭ يېقىن دوستۇمدۇر، ئۇنىڭغا قول بەرگەنلەر ماڭا قول بەرگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭغا مۇرىت بولغانلار ماڭا مۇرىت ــ مۇخلىس بولغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ مۇرتى ماڭا مۇرىتتۇر» دەپ خوجامقۇل ئەلەمدىن قالغان ئەلەملىك مۆھۈرىنى نەق مەيداندا مۇھەممەد ئىمىنگە تۇتقازغان، ئافاق خوجامنىڭ «مۇھەممەد ئىمىنمۇ خوجا، مەنمۇ خوجا» دېگەن سۆزى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، مۇھەممەد شۇنىڭدىن كېيىن يىراق ــ يېقىنغا «مۇھەممەد ئىمىن خوجا ئەلەم» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئەلەملىك ئورنىدا ئولتۇرۇپ سىياسەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقانىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئىشىك ئالدىدىكى ئافاق خوجا ئۆزىگە تون ــ سەللە، كۇلا كەيدۈرگەن مەيداننى ھويلىسى ئىچىگە ئېلىپ، ئافاق خوجا ئولتۇرغان ۋە دەسسەپ تۇرغان يەرنى ئايلاندۇرۇپ، ئېگىزلىكى ئالتە گەز ئەتراپىدا بىر گۈمبەز ياسىتىپ «تەۋەررۇك زېمىن» دەپ ئەتىۋارلاپ، ئافاق خوجىنىڭ شاھانە تونى ۋە سەللە كۇلاسىنى بىر گۈللۈك ساندۇققا سېلىپ، ئاشۇ گۈمبەز ئىچىگە قويۇپ ساقلىغان ۋە ئاشۇ گۈمبەز ئىچىدە ئىبادەت ۋە ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇ گۈمبەز كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ تاۋابگاھىغا ئايلانغان. مۇھەممەد ئىمىن خوجا ئەلەم ئاشۇ گۈمبەزدە ئافاق خوجىغا ۋاكالىتەن مۇرىت ــ مۇخلىس قوبۇل قىلغان. ھەر يىلى قۇربان ھېيت ۋە روزى ھېيتنىڭ 1 ــ كۈنى مۇھەممەت ئىمىن خوجا ئەلەم ئىشىك ئالدىغا بىر كاتنى توختىتىپ، ئافاق خوجىنىڭ تون ۋە سەللە ــ كۇلاسىنى ئاشۇ كات ئۈستىگە قويۇپ، يېنىدا ئۆزى چازانى قۇرۇپ ئولتۇرغان، نەچچە مىڭ كىشى قاتار ــ قاتار تىزىلىپ كېلىپ ئاشۇ تەۋەررۇك تونىنى پۇراپ، يۈز ــ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، ئافاق خوجامغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرگەن.

1694 ــ يىلى ئافاق خوجام ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇھەممەت ئىمىن خوجا ئەلەم

خوجامقۇل ھىرقىتى قىرىق كۈن ماتەم تۇتقان ۋە ئافاق خوجا ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئامەت قۇياشىنىڭ خىرەلەشكەنلىكىنى، بەخت يۇلتۇزىنىڭ كۆچكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆزىگە «گۇمنام» (نامى يوقىلىش ـ ئامىتى تۈگەش) دېگەن لەقەمنى (تەخەللۇسنى) قويۇپ ئىجادىيەت ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىرنەچچە كىتاب تۈزگەن. ئافاق خوجا ئالەمدىن ئۆتۈپ تەخمىنەن 30 يىلدىن كېيىن ھىرقىتى 90 نەچچە يېشىدا ئاقتۇ بارىن يېزىسى بارىن كەنتىدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ مۇبارەك جەسىدى، ئافاق خوجا گۈمبىزىنىڭ سىرتىدىكى مەڭگۈلۈك ھۇدىگەلىككە — دادىسى خوجامقۇل ئەلەمنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ئەلەم ھىرقىتى ئويلىغاندەك، ئافاق خوجا ۋاپاتىدىن كېيىن ھىرقىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئامەت قۇياشى خىرەلەشمىگەن ھەم ئۆچمىگەن. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بېشىدىنمۇ ئامەت قۇياشى پارلىغان. ھىرقىتى ئۆمرىدە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «رىغبەت خوجام» دەپ ئىسىم قويغان. مانا مۇشۇ رىغبەت خوجامدىن كېيىن ھىرقىتى ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئاخىرىغا «خوجا»، «خوجام» دېگەن ھۆرمەت نامى ئۇلۇنۇپ مىراس بولۇپ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. ھىرقىتى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەلەملىك ئورنىغا ئوغلى رىغبەت خوجا ۋارىسلىق قىلغان.

تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە سۇلايمانقۇل خوجىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ھىرقىتى ۋە ئۇنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىرىنىڭ نام ـ نەسەبىنى (بۇنىڭ ئىچىدە قىز ـ ئوغۇللار كۆرسىتىلمىدى) رەت تەرتىپى بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

1) مۇھەممەد ئىمىن (ھىرقىتىنىڭ بوۋىسى)
2) خوجامقۇل خوجا (ئەلەم ـ ھىرقىتىنىڭ دادىسى)
3) مۇھەممەد ئىمىن (ئەلەم ـ ھىرقىتىنىڭ ئۆزى، بىز ھازىر ھىرقىتى — يەنى گۇمنام دەۋاتقان شائىرىمىز)
4) رىغبەت خوجا (ئەلەم — ھىرقىتىنىڭ ئوغلى)
5) يانتاق خوجا (ئەلەم — رىغبەت خوجىنىڭ ئوغلى)
6) مۇھەممەد ئىمىن خوجا (ئەلەم — يانتاق خوجىنىڭ ئوغلى)
7) تاش خوجا (ئەلەم — مۇھەممەد ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى)
8) خوجامقۇل ئەلەم (ئەلەم — تاش خوجىنىڭ ئوغلى)
9) سۇلايمانقۇل خوجا (ئەلەم — خوجامقۇلنىڭ ئوغلى).

يۇقىرىقىلار پەقەت ئەلەملىك مەنسۇپىدە ئولتۇرغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلەردۇر.

مىلادىيە 1724 ـ يىلى شائىر مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتى ۋاپات بولۇپ تاكى 1950 ـ يىللارغىچە بولغان 220 نەچچە يىل ئىچىدە شائىرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئالتە كىشى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئەلەملىك ئورنىدا ئولتۇرغان، بەزىلىرىنىڭ ئۆمرى ئىنتايىن قىسقا بولغان، بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن، بەزىلىرى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئەڭ ئاخىرقى ئەلەم سۇلايمانقۇل خوجا 1947 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئۈچ يىللا ئەلەم بولغان.

1913 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېڭىسار ناھىيىسى قۇرۇلغان چاغدا تاش خوجا ئەلەم يېڭىسار ناھىيىسىگە ئەلەم بولغان. 1926 ـ يىلى يېڭىساردا باشقىلار (رەقىبلىرى)

ئۇنىڭغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن. تاش خوجا ۋاپاتىدىن كېيىن خوجامقۇل ئەلەم بولغان. ئۇ 1947 ـ يىلى رەقىپلىرىنىڭ بوزەك قىلىپ خورلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆز زامانىسىدا ھىرقىتى ئىبادەت ۋە ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ ئۆزىگە ـ ئۆزى پىچاق سېلىپ ئۆلۈۋالغان. 1953 ـ يىلىدىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە سۇلايمانقۇل خوجىنىڭ تەركىبى ئۇستۇن ئايرىلىپ سىنىپىي دۈشمەن قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئاچىسى ئايشە خېنىمنىڭمۇ تەركىبى پومىشچىك ئايرىلىپ ئاممىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇلغان. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ھىرقىتى ئەۋلادلىرىنىڭ بېشىدا يەنە ئامەت قۇياشى پارلىغان. 1978 ـ يىلى سۇلايمانقۇل خوجا ئاقتۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ ھۆكۈمەت تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان. 1982 ـ يىلى ئۇ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق زىيارەتتە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆلكە، شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلغان.

### 4. ئافاق خوجا شائىر مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتىگە تەقدىم قىلغان شاھانە تون ۋە سەللە ـ كۆلا توغرىسىدا ئىككى كەلىمە

مەن سۇلايمانقۇل خوجىدىن:

— سەللە ـ كۆلا ۋە شاھانە تون ھازىر بارمۇ؟ بولسا نەدە؟ — دەپ سورىدىم.

سۇلايمانقۇل جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— ئۆزلىرى بوۋىمىزدەك بىر نەرسە يازىدىغان كىشى ئىكەنلا. مەن سىلىگە سۆزلەپ بەرسەم بېرەي، بىز خەق سىرلارنى پىنھانە تۇتاتتۇق، سىلە ھەم پىنھان ۋە خۇپپىيانە تۇتقايلا، سىر ئالدىراپ ئاشكارە بولمىغاي، — دېدى سۇلايمانقۇل خوجا سىرلىق قىلىپ، — ئافاق خوجامدىن يادىكار قالغان ھېلىقى شاھانە تون ۋە سەللە ـ كۆلا ۋە باشقا نەرسىلەر خوجام دادىمىزدىن (بۇ يەردىكى خوجام دادام ھىرقىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ) تاكى مېنىڭ دادام خوجامقۇل ئەلەمگىچە بار ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى يېڭىسار ناھىيىسىگە بىر مەزگىل ھاكىم بولغان باقىرجان دېگەن كىشى (باقىرجان قەشقەر شەھىرىدىن، ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتە ئىشلىگەن) دادام خوجامقۇل ئەلەم بىلەن يېقىن دوست ئىكەن، دادام ھايات ۋاقتىدا ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ «سەللە ـ كۆلانى ماڭا بىرنەچچە ئايلىق ئارىيەت بېرىپ تۇرسىلا، پۇراپ ـ پۇراپ قېنىۋالاي» دەپ بىر قىسىم قولىيازمىلىرى بىلەن ئېلىپ كەتكەن، بۇ مېنىڭ بالا چاغلىرىم ئىدى، باقىرجان ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بەرمىدى. دادام ۋاپاتىدىن كېيىن بېشىمىزغا ھەر خىل قىسمەتلەر كەلدى. بىز كىچىكلەر قايتۇرۇپ كېلەلمىدۇق. ھېلىقى شاھانە تون ۋە بەلۋاغقا كەلسەك، خوجام دادىمىزدىن قالغان سىيادان، قۇمۇش قەلەم ۋە قولىيازمىلار خان ئانىمىزدىن قالغان تەۋەررۈكلەر بىلەن بىرگە 1964 ـ يىلىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگىچە بار ئىدى. 1965 ـ يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئاخىرلىشىپلا مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا سوتسىيالىستىك تەربىيە كادىرلىرى، مۇنداق مىراسلارنىڭ مەندە بارلىقىنى كىمدىن ئۇققان، كېلىپ سۈرۈشتە قىلىپ، سوئال ـ سوراق قىلدى، مەن ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساندۇق بىلەنلا بېرىپ قۇتۇلدۇم.

— سىلە ئاشۇ كادىرلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىسمىنى بىلەملا؟

— ياق! بىلمەيمەن، مەن ئۇلاردىن «ئىسمىڭ نېمە؟» دەپ سوراشقا قانداق جۈرئەت قىلاي، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپ جان ساقلاش بىلەنلا قالغان ئىكەنمەن. ئۇ نەرسىلەر مانا شۇنداق قىلىپ قولدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چاغدا «يوق» دېيىشكىمۇ ئامال يوق ئىدى.

مانا بۇ مېنىڭ سۇلايمانقۇل خوجام بىلەن ئەينى يىللاردا قىلغان سۆھبەت خاتىرىمىزنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى. ئەينى يىللاردا مەن بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنى بىرەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن بولسامۇ تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى بىرەر ژۇرنالغا بېرەلمىدىم.

1) بىزنىڭ سۆھبىتىمىز پەقەت ئاغزاكى سۆھبەت، قولۇمدا مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتىدىن قالغان بىرەر مىراس ۋە ياكى قولىيازما دېگەندەك ماددىي ئىسپات يوق.

2) ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شائىرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ تېپىلىشىنى كۈتتۈم.

3. يېڭى ماتېرىيال تېپىلىپ قالسا مېنىڭ يازغانلىرىم ئاغزاكى نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدىم.

4. سۇلايمانقۇل خوجا: «ماڭا پىنھانە تۇتقايلا» دېگەنلىكى سەۋەبلىك بىرنەچچە يىل ئارسالدىچىلىق ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

5) سۇلايمانقۇل خوجىنىڭ بايان قىلغانلىرى پۈتۈنلەي دىنىي نۇقتىدىن بايان قىلغان. ئاپاق خوجىغا بەرگەن باھاسى، نەشرىياتلاردا ئاپاق خوجامغا بېرىلىۋاتقان باھادىن ئۆزگىچە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چاغدا ژۇرناللار بۇنى قوبۇل قىلالمايتتى.

## 5. مۇھەممەد خوجامقۇل ھىرقىتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى يېڭى بايقاشنىڭ بارلىققا كېلىشى

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانىدا «قوش تەخەللۇسلۇق خۇشناۋا بۇلبۇل» ناملىق بىر ماقالە ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى، گۇمنام تەخەللۇسىدىكى شېئىرلارنىڭمۇ ھىرقىتىنىڭ ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، شائىرنىڭ خىرقىتى دېگەن تەخەللۇسى تۈزۈتۈلۈپ «ھىرقىتى» دېيىلىپ، مەتبۇئاتلاردا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. كېيىنكى تەتقىقاتلار سۇلايمانقۇل خوجىنىڭ «ئاپاق خوجا ۋاپاتىدىن كېيىن بۇۋىمىز ئۆزىنىڭ ئامەت قۇياشى خىرەلەشكەنلىكى، بەخت يۇلتۇزى كۆچكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۆزىگە (گۇمنام) دەپ تەخەللۇس قويغان» دېگەن سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى.

1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گۇمنامنىڭ 6 - ئەۋرىسى سۇلايمانقۇل خوجا ۋاپات بولدى. مەن مەتبۇئاتلاردا گۇمنامنىڭ (ئەمدى بۇ ماقالەمدە گۇمنام دەپ ئاتاۋېرەي) تەرجىمىھالىغا ئائىت يېڭى ئۇچۇرلار پەيدا بولارمىكىن، دەپ يەنە ئىچىمنى تىڭشاپ تاقەت قىلىپ كۈتتۈم. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر يېڭى سانىنى تەپسىلىي كۆرۈپ تۇردۇم.

## 6. گۇمنامنىڭ ھاياتى توغرىسىدا قايتا ئىزدىنىش

2004 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى يۈسۈپ ئىگەمبەردى ئۆيۈمدە مېنىڭ گۇمنام ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كې-

يىمەن، مېنى بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى تېزدىن ئېلان قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ تىلىغان بېرىشى بىلەن مەن يەنە بىر قېتىم ھەرىكەتكە كەلدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن مەن كونا يېزىنىڭ چېلىق ئارخىپلىرىمنى ئىزدەپ ئىلگىرى قالدۇرغان خاتىرەمنى تاپتىم، كەمتۈك جايلىرى خېلى كۆپ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن بارىن يېزىسىغا بېرىپ سۇلايمانقۇل خوجىنىڭ ئاچىسى گۇمنامنىڭ 6 ـ نەۋرىسى ئائىشە خېنىمنى ئىزدەپ تاپتىم. موماي گەرچە 80 نەچچە ياشتا بولسىمۇ تېمەن، تېتىك ئىدى. قايتا سۆھبەت جەريانىدا ئائىشە خېنىمنىڭ ئېيتىشىچە، سۇلايمانقۇل ئىچكىرىگە بارغاندا ئەينى يىللاردا سوتسىيالىستىك تەربىيە كادىرلىرى ئېلىپ كەتكەن ئاپاق خوجىنىڭ شاھانە تونى بىلەن بەلۋاغىنى ئىچكىرىدە بىر كۆرگەزمىخانىدا كۆرگەنمىش، بۇ گەپنى سۇلايمانقۇل ئىچكىرىدىن كەلگەندە دەپ بەرگەن ئىكەن. گۇمنامنىڭ ھېلىقى گۇمبەز شەكىللىك ئىبادەتخانىسى يەر ئىسلاھاتىدا ئۇلارنىڭ قورۇسىنىڭ بىر قىسمىنى باشقىلارغا مېۋە قىلىپ تارقىتىپ بەرگەندە، گۇمبەز قوشۇلۇپ باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. گۇمبەز قانۇنلۇق ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن كىشى ھەم گۇمنامنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار كىشى بولغاچقا، گۇمبەزنى بۇزمىغان، گۇمبەز تاكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ تۇرغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىكى «تۆت كونىنى يوقىتىپ، تۆت يېڭىنى تىكلەش ھەرىكىتى»دە ئىسيانچىلار ئاممىنى تەشكىللەپ گۇمبەزنى چېقىشقا بۇيرۇغان، لېكىن ھېچكىم چېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئاخىرى ئىسيانچىلار گۇمنام ئەۋلادىدىن بولغان رىشاتخان خوجا دېگەن كىشىگە تەھدىت سېلىپ مەجبۇرىي چاقتۇرۇپ تۈزلىۋەتكەن، گۇمبەزنىڭ ئورنى ھازىرقى بارىن يېزا بارىن كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى غوجىلاجى دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئىكەن. ئەمما ئائىشە خېنىمنىڭ ئۆيىدە «خوجام دادىمىزدىن مىراس قالغان» (گۇمنامنى دېمەكچى) دەپ ساقلاپ كەلگەن بىر دانە قەدىمكى كات، بىر دانە تۆت پۇتلۇق قەدىمكى يېزىق شىرەسى، بىر چەينەك بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق، كات ۋە يېزىقچىلىق شىرەسى زادى گۇمنامدىن قالغانمۇ قانداق؟ بۇنى ئىلمىي تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، راستىنلا گۇمنامدىن قالغان تەۋەررۈكتەك قىلىدۇ. گۇمنام ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى بالىلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇپ زامانىمىزغا ئۇلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنىدىغان يېرى ئۇلار بىرەر قولىيازمىسىنى ساقلاپ قالالمىغان، ھەم گۇمنامدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەر شائىر ياكى يازغۇچى ۋە ياكى كىتابخۇمار بىرەرسى چىقمىغان، ئەمما دۆلەت كادىرلىرىدىن بىرنەچچەسى بار، گۇمنامنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى تاش خوجام ئەۋلادلىرىدىن ھېكىمخان خوجامنىڭ ھاجى ھېكىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بولۇپ بۇ كىشى ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى. ھاجى ھېكىمنىڭ دادىسى ھېكىمخان خوجىدىن ئاڭلىشىچە، 1957 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىن قەشقەرگە بىر دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلگەن، ئاشۇ ۋەكىللەر قاتارىدا كەلگەن كىرىمۇپ دېگەن بىر ياش يىگىت قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسى قارا باغ كەنتىگە كېلىپ ئۆز زامانىسىدا ئاپاق خوجا تارقاقلاشتۇرغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تاپقان. ئۇ بىر كونا تەزكىرىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارغا شۇ چاغدىكى خوجامقۇل ئەلەم ئەۋلادىنى تېپىپ بېرىشكە ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ يېگىسار بارىن تەۋەسىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى دېگەن، قارا باغدىكىلەر دەسلەپتە «ئۇلار ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكەن» دەپ رەت قىلغان، كىرىمۇپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالغانلىقتىن بارىنغا باشلاپ كېلىشكە ماقۇل بولغان. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى كىشىنىڭ كەينىدىن بىر كىشى ئىزدەپ كېلىپ، «ۋاقىت قىستاپ قالدى، مۇددەتتىن بۇرۇن قايتىدىغان بولدۇق» دەپ قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن. ئەگەر بۇ ئەھۋال

راست بولىدىغان بولسا گۇمنامنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىر ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن، ھازىر ئاقتۇ بارىن، قەشقەر كونا شەھەر تاشمىلىق، ئاقتۇ يېڭىۋاپا ۋە قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان گۇمنام ئەۋلادلىرى 100 دىن ئاشىدىكەن.

2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى مىرسۇلتان ئوسمانوپ نەشرگە تەييارلىغان «دىۋانى گۇمنام» نى نەشر قىلدى. كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە «〈تەزكىرەئى قەلەندەران〉 دىكى مەلۇماتلار بويىچە، گۇمنام بىلەن مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتى بىر شەخس ئىكەن، دېگەن قاراش داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بىز تەرەپتە بۇ قاراشنى ئەستىقلايدىغان بىرەر ماتېرىيال ھازىرغىچە تېپىلمىدى» دېيىلگەن. مېنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرىم بىر تەرەپتىن گۇمنام بىلەن مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇل ھىرقىتىنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئەستىقلايدىغان تۇنجى ماتېرىيال بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

«دىۋانى گۇمنام» دىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مەسنەۋىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ئاتام ئاتى خوجام قۇلى خوجەدۇر،
زاھىرى قۇل، ھەقىقىتى خوجەدۇر.

بۇ شېئىر گۇمنامنىڭ ئاتىسى خوجامقۇل ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى يېزىلغان شېئىر دېسەك مۇبالىغە بولماس. يۇقىرىقى پاكىتنى ھازىرقى ھايات ياشاۋاتقان گۇمنام ئەۋلادلىرىنىڭ «بىز ئەسلى خوجا ئەۋلادى ئەمەس، پەقەت ئافاق خوجامنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى» دېگەن سۆزلىرى ئەستىقلايدۇ.

بۇ يىل قۇربان ھېيتىنىڭ 3 ـ كۈنى ئاقتۇ ناھىيە بازىرى ۋە بارىن تەۋەسىدە ياشاۋاتقان گۇمنام ئەۋلادلىرىدىن 30 دىن ئارتۇق كىشى ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ھاجى ھېكىمنىڭ ئۆيىگە ھېيت پەتىسى ئۈچۈن يىغىلغان ئىكەن. بۇ ماقالە ئاشۇ سورۇندا ئوقۇلۇپ پىكىر ئېلىنىدى، ئاخىرىدا بىر قىسىم جايلىرى تولۇقلاندى، گۇمنامنىڭ ھەممە تۇغقانلىرى ماقالەنىڭ توغرىلىقىغا قوشۇلدى.

مەن 2005 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچتە مەن مۇشۇ ماقالىنى ئاقا كۆچۈرۈۋاتقان چاغدا يۇسۇپ ئىگەمبەردى تېلېفون بېرىپ ماڭا تۆۋەندىكى ئۇچۇرنى يەتكۈزدى.

ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاش، نەشر قىلىش ئورنىدا موللا خوجامقۇلى ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن نامىدا «گۇفىتى گۆھەر» (گۆھەر گەپلەر) ناملىق بىر قولىيازمىنى ئۇچراتقان، قولىيازما جەمئىي 62 بەت، باش ـ ئاخىرى تولۇق. فورماتى 12 ×11، تىزىملىك نومۇرى QC×1098 ئىكەن، ئەگەر بۇ ئەسەر ھەقىقەتەن گۇمنامنىڭ بولىدىغان بولسا گۇمنام تەتقىقاتىدا يەنە يېڭى بىر بەت ئېچىلغۇسى . گۇمنام بىلەن مەشرەپ ئوتتۇرىسىدىمۇ يېقىنقى كۈنلەردە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى مەسىلىلەر بار. بۇ ئىشلارمۇ كېيىنكى كۈنلەردە توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ ئوقۇشماسلىقلار ئايدىڭلىشىپ قېلىشىغا ئىشەنچىم كامىل، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماقالىنىڭ خاتا كەتكەن جايلىرى بولسا تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن، شۇنداقلا گۇمنام توغرىسىدا ئۆزى بىلىدىغان يېڭى ئۇچۇرلىرى بولسا تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

uyghurkitap.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى چىن، ماچىن ۋە تاۋغاچ ناملىرى ھەققىدە مۇھاكىمە

غالىپ بارات ئەرك

مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلارنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئەللامىسىدۇر، ئۇ ئەينى تارىخىي دەۋردە تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان جايلاردا 10 نەچچە يىل ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋ-ھەرلەر» ... لەردەك بىرقانچە كىتاب يېزىپ چىققان. لېكىن ھازىرغىچە تېپىلىپ جامائەتچى-لىككە ئاشكارە بولغىنى، ئەينى دەۋر تۈركىي خەلقلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تويۇنغان قامۇسى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تۇر. بۇ بىباھا مىراس بىزنى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاياتى بىلەن ئۇچراشتۇردى. مەن تۆۋەندە ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ بايانلىرىنى ئاساس، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بايانلارنى قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق خاقانىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىن، ماچىن ۋە تاۋغاچ ناملىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچى-مەن.

«دىۋان» دا بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلارنى ئۇچرىتىمىز:

Tav ɤaq تاۋغاچ. «ماچىن» ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يىراقتى-لىقتا، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، يۇقىرى چىن. بۇ يەر شەرقتە بولۇپ tavɤaq دېيىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، خىتاي hitay دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، بارخان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە. لېكىن ھازىر تاۋغاچ ماچىن دەپ، خىتاي چىن دەپ تونۇلىۋاتىدۇ.

Tav ɤaq تاۋغاچ. تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ تات تاۋغاچ دەپ ئاتىلىدۇ. تات ئۇيغۇر دېمەكتۇر. تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر.

Tav ɤaq ھەر بىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە تاۋغاچ ئەدى دەپ ئاتىلىدۇ ... بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. «مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە تاۋغاچخان دېيىلىدۇ①.

«تات تاۋغاچ، بۇ جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا ‹تات› سۆزى پارس دېگەن مەنىدە، تاۋغاچ سۆزى ‹تۈرك› دېگەن مەنىدە كەلگەن. مېنىڭچە مەن بەرگەن تەبىر توغرىراقتۇر. ئىسلام

---

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 592 ـ بەت.

ئەللىرىدە مەشھۇر بولغان چۈشەنچە مۇشۇنداق، ئۇ يەرلەردە ئۇنداق. ھەر ئىككىسى توزۇك.»[1]

| ئىسلامىيەت بىلىدىغان چىن / دەۋرى | يۇقىرى چىن | ئوتتۇرا چىن | تۆۋەن چىن |
|---|---|---|---|
| ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار | تاۋغاچ | خىتاي | بارخان |
| ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار | ماچىن | چىن | خاقانىيە |

ئۇنداقتا مەھمۇد كاشغەرى بايانىنىڭ مەركىزى نەدە؟

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى بايانىدا بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىن بۇرۇن ۋە شۇ دەۋر بولۇپ ئىككى خىل چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىن بۇرۇن ئىسلامىيەت دۇنياسى چۈشەنچىسىدىكى شەرق ئۈچكە بۆلۈنگەن، ئۇلار يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىندۇر. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار يۇقىرى چىن دېيىلگەن جايلارنى «تاۋغاچ»؛ تۆۋەن چىن دېيىلگەن جايلارنى «بارخان»؛ ئوتتۇرا چىن دېيىلگەن جايلارنى «خىتاي» دەپ ئاتىغان. ئىسلامىيەت دۇنياسى نەزىرىدە چىن دەپ ئاتالغان شەرق ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قارالمىغان. دېمەك ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چىن ۋە ماچىن ناملىرى بولمىغان، لېكىن تاۋغاچ، خىتاي، بارخان دېگەن جاي ناملىرى بار ئىدى، بۇ جايلارنىڭ ناملىرى مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىگە كەلگەندە ئالماشقان، جۈملىدىن «تاۋغاچ» (يۇقىرى چىن) «ماچىن» دەپ، «خىتاي» (ئوتتۇرا چىن) «چىن» دەپ ئاتالغان، بۇ خىل ئاتىلىش ئۇيغۇرلارغا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىن تارقالغان.

مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان «بۇرۇن» ۋە «ھازىر» قايسى دەۋرنى يىل پاسىلى قىلغان؟ بۇ ئېھتىمال ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئىدىئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياسىغان 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 11 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىنى پاسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇنقى ئىسلامىيەت چۈشەنچىسىدىكى يۇقىرى چىن — شەرقىي چىن، ئۇيغۇرلار تىلىدىكى تاۋغاچ، ئىسلامىيەت ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، يەنى 11 ـ ئەسىردە ماچىن دەپ ئاتالغان. قەشقەردىن تارتىپ ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار «بارخان» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ جايلارنى ئىسلامىيەت دۇنياسى تۆۋەن چىن (غەربىي چىن) دەپ ئاتايتتى، لېكىن ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقاندا خاقانىيە دەپ ئاتالغان. ئۇنداقتا «ئوتتۇرا چىن» دەپ ئاتالغان بۇرۇنقى خىتاي، يەنى مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىكى «چىن» قەيەرنى كۆرسىتىدۇ؟

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا «يۇقىرى چىن» نى شەرقىي چىن دەپ، تۆۋەن چىننى غەربىي چىن دەپ چۈشىنىش تامامەن مۇمكىن. ئۇنداقتا ئوتتۇرا چىن بولسا يۇقىرى ۋە تۆۋەن چىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قارىشىنى ئۆزىنىڭ بايانلىرى ۋە ئۆز ئەسىرىدە سىزىپ قالدۇرغان خەرىتىسى ئارقىلىق شەرھلەش ئەڭ

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم 593 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ خەرىتىسىدە «ماچىن ئېلى» ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ جابىرقا (ياپونىيە) نىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئالىم ماچىنغا دائىرە بەلگىلىگەن، ماچىننىڭ دائىرىسىدىن چىقسا خاتۇن سىنى، بىلاد ئۇيغۇر، سۇلمى، قۇجۇ، بارمان، كۇچا، كۇچا بىلەن بارماننىڭ ئارىسىدىكى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا شاجۇ (خەرىتىدىن قارىغاندا شاجۇ چەرچەن، خوتەن، ياركەنت، كاشغەرلەرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) لار بار. خەرىتىدە كاشغەر بىلەن بالاساغۇندىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم شەھەر جەنۇب – شىمال بولۇپ، بىر تۈز سىزىق ھالىتىدە (سەل قىيپاش) جايلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەن چىن – غەربىي چىننى خاقانىيەنى مەركەز قىلغان بىر بۆلەك ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى كۆرسەتكەن، دەپ قارىساق خاتا بولمايدۇ، چۈنكى «بۇگۇر، كۇچار شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا»،① «چەرچەن، چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرى»② دېيىش ئارقىلىق خاقانىيەنىڭ چېگرىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنداق بولغاندا تۆۋەن چىن بىلەن يۇقىرى چىن (ماچىن) ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جايلار شاجۇ، سۇلمى، قۇجۇ، بىلاد ئۇيغۇر، خاتۇن سىنى ... قاتارلىق بىر تۈركۈم زېمىنلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ زېمىنلار (ئوتتۇرا چىن) 10 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 11 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى (860 – 1350) ھەم ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى (850 – 1028) نىڭ تېررىتورىيىسى ئىدى، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە خىتاي دەپ ئاتاپ كەلگەن بۇ زېمىنلارنى مەھمۇد كاشغەرى زامانىدا چىن دەپ ئاتىغان. بىز ئەنە شۇ خەرىتىنى ھەمدە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ باشقا بايانلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يۇقىرىقىدەك يەكۈننى چىقىرىشقا ھەقلىقمىز، مەھمۇد كاشغەرى يەنە باشقا بايانلىرى بىلەن يەكۈنىمىزنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلايدۇ.

«قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن»③. بۇ باياندا كاشغەردىن يۇقىرى چىنغىچە (ماچىنغىچە) بولغان زېمىنلارنى «تۈرك يۇرتلىرى» دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئوتتۇرا چىننىمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دەپ قارىغان. «سۇلتان» ۋە «خاقان» ناملىرى ئارقىلىق مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ھۆكۈمرانلارنى كۆزدە تۇتقان. «يېزىق» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، خاقانىيە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى، ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى ئوخشاشلا بۇ يېزىقنى ئىشلەتكەن، خاقانىيىلىكلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پاراللېل قوللانغانلىقى، بۇ يېزىقنىڭ يىلتىزىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەھمۇد كاشغەرى كىتابىدا «مۇسۇلمان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم ... بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم ... مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق»④ دەپ يازغىنىدەك دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى، بەزى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە تولۇق بايان قىلمىغان. ئۇ تۈرك قەبىلىلىرىنى

---

①②③④ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 – توم، 469 –، 567 –، 11 –، 37 –، 38 –، 592 – بەتلەر.

يازغىنىدا قەبىلىلەرنى ساناپ: «... ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي چىن دېمەكتۇر. ئاندىن تاۋغاچ، بۇ ماچىن دېمەكتۇر» دەپ تاڭغۇت، خىتاي (چىن)، تاۋغاچ (ماچىن) لارنىمۇ تۈركىي قەبىلىلەر سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. بىز تاۋغاچ، يەنى ماچىنلار «تاۋغاچ، تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ tavɤaq دەپ ئاتىلىدۇ. تات ئۇيغۇر دېمەكتۇر. تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر» دېگەن بايانىدا «تاۋغاچ» نى تۈرك قەبىلىسى سۈپىتىدە ساناش مەقسىدى ئايدىڭلىشىپ، تاۋغاچ، يەنى ماچىن دائىرىسىدە ياشىغان تۈركىي قەبىلىلەرنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى بىلىمىز، لېكىن ئۇلار-نىڭ قايسى قەبىلىلەر ئىكەنلىكى نامەلۇم، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا تاۋغاچنى تۈرك خەلقلىرى زېمىنى دېگەن قاراشنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. بۇ مەسىلىدە بىز سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى تەرجىمە قىلغاندا «تاۋغاچ (جۇڭگو) ئېلى بولسا مەرىپچى ئاتلىغ ئۇزاق تۈرك تۇرگەشلەر يېرىدۇر»① دېگەن بايانىنىمۇ ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. ناۋادا «تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر» دېگەن باياندىكى «چىنلىق» «ماچىنلىق» بولغان بولسا باشقا بايانلىرىغا ماس كېلىپ ئىنتايىن توغرا بولغان بولاتتى، ئالىم بۇ يەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسىدىكى چىننى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. بۇ جايدا بىز يەنە ئورخۇن - ئاناساي ئۇيغۇر ئېلى مىلادىيە 840 - يىلى ئاغدۇرۇلغاندا، ئۇگە تېكىن باشچىلىقىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دائىرىسىگە كۆچكەنلىكىنى، ئارمۇزد تېكىن قاتارلىق بەش تېكىننىڭ باشچىلىقىدا كۆچكەن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى، ھەمدە تارىخىي دەۋرلەردە سودا - مەدەنىيەت ئالاقىلىرى داۋامىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

تاڭغۇتلارنى تۈرك دەپ مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «taŋut تاڭغۇت. تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. ئۇلار نەسلىمىز ئەرەب دېيىشىدۇ»②. ئالىمنىڭ بۇ بايانى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى گەرچە ئوتتۇرا چىن ھەققىدە بىۋاسىتە ئىزاھات بەرمىسىمۇ، ئېنىق بېشارەتلەر قالدۇرغان. تۆۋەندە ئۇلاردىن مىسال كۆرۈپ باقايلى:

«رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ بولۇپ، ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ»③.

«يۇقىرى چىنغىچە بولغان قەبىلىلەر - چىگىل، ياغما، توخسى تىللىرىدا سۆزلەر كۆپىنچە زەممىلىك قىلىپ ئېيتىلىدۇ»④.

«(باقىر) چىندا قويۇلغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ ئىسمى، ئېلىم - سېتىمدا ئىشلىتىلىدۇ»⑤[ باقىر ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ مىستىن قويۇلغان پۇلى، كەڭ - كۆلەمدە ئوبۇرۇت قىلىنغان].

---

① ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرگە كىرگۈزۈلگەن.

②③ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم، 495-، 190 - بەت.

④⑤ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 41 -، 468 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرگىنىمىزدەك، مەھمۇد كاشغەرى ئوتتۇرا چىن دەپ ماچىننىڭ غەربىدىكى زېمىنلارنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىرگە، بۇ زېمىنلارنى شۇ دەۋر رېئاللىقى بويىچە تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دەپ قارىغان. ئالىمنىڭ «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ»① دېگەن بايانىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ بۇ بايانلارغا بىز ئالىمنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شىۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىق (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ـ ئاپتور) نى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت ـ چەكلەرنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار. بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»② دېگەن بايانلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، «چىن، ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى» چۈقۇمكى يەرلىك شىۋىگە ياكى دىئالېكتىكىلىق پەرقلەرگە قارىتىلغان. چۈنكى ئەينى تارىخى دەۋردە ھازىرقىدەك ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرىدىغان رادىئو، تېلېۋىزىيە، مەتبۇئات بولمىغانلىقتىن، يىراقتىكى جۇڭگو (ماچىن ~ شىمالىي جۇڭگو) دائىرىسىدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇرلار بىلەن خاقانىيە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ھەم ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى دائىرىسىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا چوقۇمكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ پەرق پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ ئايرىم تىل ئاتالمىسىنى تىلنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلغان، دەپ چۈشىنىش كېرەك. ناۋا بىز بۇ ئايرىم تىلنى خەنزۇ تىلى، ئاھالىلەرنى خەنزۇ دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا «چىن ۋە ماچىن» ئاھالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى بىلىپ كېتىشى ئېھتىمالدىن يىراق، چۈنكى بىز ھازىرقى كۆنگە قارايدىغان بولساق مۇتلەق كۆپ سانلىق خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىسىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغانلىرى ساناقلىقلا. شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمكى دەۋرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ساپ تىل ئۆلچىمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، «خوتەن تىلىدا ھىندى تىلىنىڭ تەسىرى بار»③، «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزىنىڭ بېشىدىكى ‹1 ـ ئېلىپ› نى ‹ھ› غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز (خەنزۇچە نۇسخىدا ساپ تۈركىي تىل ھېسابلىمايمىز، دەپ ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن ـ ئاپتور)»④ دېگەن بايانلىرى ئالىمنىڭ قاتتىق ئىلمىي ئۆلچىمى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جايدا ئېيتىلغان «تۈرك ھېسابلىمايمىز» ئىبارىسى «ساپ تۈرك ھېسابلىمايمىز» دېگەنلىك بولۇپ، بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەستىن، مەھمۇد كاشغەرى خوتەنلىكلەرنى ئۇيغۇر ئەمەس دەپ يازغان، دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئوتتۇرا چىن ئاھالىسىنىڭ تىلى بىر ساقىندى ئەبجەش تىل بولغان بولسا، ئالىم ئەلۋەتتە ئۇلارغىمۇ خوتەنلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىنى تۇتقان بولاتتى.

ئەمدى چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىغان مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار چۈشىنىدىغان يېزىق مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكىلەر ئېيتقاندەك خەنزۇ يېزىقىنى كۆرسەتمەستىن، ئورقۇن ـ ئاناساي يېزىقى، تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى، دۇلبارچىن يېزىقى، دەپ

---

①②③④ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 39 ـ، 40 ـ، 10 ـ، 44 ـ بەتلەر.

ناملانغان يېزىقنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە تۇرپان رايونىدا بىر مەزگىل خەنزۇ يېزىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئىككى تىلنىڭ كەسكىن پەرقلىرى تۈپەيلى تەدرىجى ئەمەلدىن قالغان، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازمىلىرىدا ئاز ساندا خەت ئارىسىغا (نوملاردا) خەنزۇچە خەتلەر قىستۇرۇپ قوللىنىلغان، ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئۇنداق كەڭ قوللىنىلمىغان، ئەكسىچە پان تېكىن باشچىلىقىدا ئورقۇن - ئاناساي ۋادىسىدىن كۆچكەن 200 مىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى ئاھالىسىنىڭ خېلى نىسبىتىنى ئىگىلىگەن ئىدى. تۈرك - رۇنىك يېزىقى، ئورقۇن - ئاناساي ۋادىسىدا قۇرۇلغان تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا كەڭ - كۆلەمدە قوللىنىلغان بولغاچقا، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇپ قوللانغان. ئەسلىدىنلا تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان غەربىي ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خاقانىيەلىكلەر ۋە تۇرپان ئۇيمانلىقىدىكىلەر بۇرۇندىنلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغاچقا تۈرك - رۇنىك يېزىقىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدەك ئۇنداق كەڭ دائىرىدە قوللانمىغان، ئەمما تۈرك - رۇنىك يېزىقى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئورقۇن ھاكىمىيىتىنىڭ يېزىقى بولغاچقا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى بولغان تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكىلەر بۇ قەدىمىي يېزىق بىلەنمۇ ناتونۇش ئەمەس ئىدى. دۇخان، چاقىلىقنىڭ مىرەن ۋە تۇرپان ۋادىسىدىن بىر بۆلەك تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشىمۇ «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان» بۇ يېزىقنىڭ تۈرك - رۇنىك يېزىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا پاكىت بولىدۇ. رۇس تۈركلوگى ئا. ن. كونونوۋ «7 ~ 9 - ئەسىرلەردىكى تۈرك - رۇنىك يادىكارلىقلىرىنىڭ گرامماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە «كېلىياشتۇرنىنىڭ نوپۇزلۇق ھۆكۈمىچە، مەھمۇد كاشغەرى بۇ يەردە رۇنىك يېزىقنى كۆزدە تۇتىدۇ، چۈنكى بۇ يېزىقنىڭ ئاخىرقى يادىكارلىقلىرى تۇرپان بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بەلكى ... تۇرپان ۋە دۇخاندىن بايقالغان دەسلەپكى ئۇيغۇرچە قانۇنىي ۋەسىقىلەر بىلەن مۇشۇ خىلدىكى كۆپلىگەن توختاملار ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان. كېلىياشتۇرنى يەنە ‹مەھمۇد كاشغەرىدىن يۈز يىل كېيىنكى مۇئەللىپ فەخرىددىن مۇبارەكشاھ مارۋالدىنىڭ تىلغا ئالغىنىمۇ رۇنىك يېزىقى بولۇپ ئۇ كۆرسەتكەن توققۇز ئۇيغۇر يېزىقى بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدۇر›»① دەپ يازغىنىدەك، ھەقىقەتەنمۇ مەھمۇد كاشغەرى يازغان ئۇيغۇرلارنىڭ «چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىغان» يەنە بىر يېزىقى شەكسىزكى خەنزۇ يېزىقى بولماستىن، تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان، شەكىللەر ئاساسىدا يارىتىلغان موڭغۇل دالالىرىدىن شەرقىي ياۋروپاغىچە تارقالغان تۈرك - رۇنىك يېزىقىدۇر.

«جابارقا - ياپونىيەلىكلەر يىراقتا جايلاشقانلىقى، ماچىن بىلەن ئۇلارنى چوڭ دېڭىزلار ئايرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس.»②

«چىن ماچىننىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئارىدا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېپىندىكى تاغ، دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەئجۇج - مەئجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە

---

① «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 - يىلى 3 -، 4 - سان، 9 - بەت.

② مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 39 - بەت.

مەلۇم ئەمەس.»①

«خىتاي چىن دېمەكتۇر، تاۋغاچ ماچىن دېمەكتۇر»②. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 3 ـ توم 564 ـ بەتتىن 567 ـ بەتكىچە تۈرك خاقانى «شۇ» بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت سۆزلىنىپ، ئىسكەندەرنىڭ خوجەنت دەرياسىدىن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆتكەنلىكى، بۇنى ئۇققان تۈرك خاقانى «شۇ» «كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ شەرققە يول ئاپتۇ... خاقان شۇ چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ...» دېگەن مەلۇماتلار بار. بىز بۇ يەردە شەرق بىلەن چىننىڭ تەڭداش كەلگەنلىكىنى ياكى بولمىغاندا چىننىڭ شەرق مەنىسىدە كەلگەنىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر ئېلى قاتارلىق بىر قىسىم جايلارنىڭ «چىن» دەپ ئاتالغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مىس پۇلى «باقىر» نى چىندا قويۇلغان دېيىشمۇ ئىسپات بولالايدۇ. بىز يەنە نامەلۇم ئەرەب ئاپتور تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان 983 ـ يىلىدىكى «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پايتەختىنىڭ «چىنانكەنت» دېيىلىشى، «qurqan چەرچەن. چىن يولىدىكى مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرى»③ دېيىلىشى بۇنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. مۇندىن ئىلگىرى «چىن = جۇڭگو» دېگەن قاراشنىڭ ئىسكەنجىسىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئېيتىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل يېزىقى بار» دېگەن بايانىنى تەھقىقلەپ، ئىسپاتلاپ كۆرمەستىن ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىق قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى دەپ قاراپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ يېزىق ئورقۇن ـ ئاناساي (تۈرك ـ رۇنىك) يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەتقىقاتچى مەھمۇد نىزام «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1986 ـ يىل 23 ـ ئۆكتەبىر سانىدا تارىخىي مەنبەلەردە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنىڭ دۇلبارچىن يېزىقى دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپان رايونىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدە خەنزۇ يېزىقىنى بىر مەزگىل قوللانغىنى راست. شۇنداقلا يەنە ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلى ئەپەندىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنى ماددىي پاكىت قىلىپ تۇرۇپ كۆرسىتىشىچە، مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىشقا باشلىغانلىقى بىزنى بۇ مەسىلىنى ئوبيېكتىپ ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. ئارخېئولوگىيىگە ئاساسلانغاندا تۇرپان رايونىدا قەدىمدە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەمدە خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. «چىن يېزىقىغا ئوخشايدۇ» دېيىلگەن بۇ يېزىق تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى بولۇپ، تۈرك خانلىقى ۋە ئورقۇن ـ ئاناساي ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە ئىنتايىن كەڭ قوللىنىلغان. موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ مۇشۇ يېزىقتا ئويۇلغانلىقى ھەممە كىشىگە ئايدىڭ. ئېكسپېدىتسىيىچىلەر دۇخان ھەم شىنجاڭدىن بۇ يېزىقتا يېزىلغان يازمىلارنى تاپتى. ئورقۇن ـ ئاناساي ئۇيغۇر خانلىقى (646 ـ 840) يىمىرىلگەندىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن 100 مىڭدىن ئارتۇقراق ئۇيغۇر ئاھالىسى تۇرپان رايونىنى مەركەز قىلىپ، شۇ جايدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ «ئۇيغۇر ئېلى» نى قۇرۇپ چىقتى. ئەجىبا، ئۇلار تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنى موڭغۇلىيە ۋادىسىدا تاشلاپ كەلگەنمۇ؟ ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ؟ ياق، ھەرقانداق بىر ئىشقا جەريان كېرەك. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى بىلەن ئۇيغۇر گەنسۇ خانلىقى ئاھالىلىرى ئىزچىل تۈردە ئالاقىلىشىپ تۇرغان. بۇ ئالاقىلەر دەسلەپتە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا، كېيىنچە بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بولغان. رۇسىيە

---

①②③ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 40 ـ، 123 ـ، 567 ـ بەتلەر.

تۈركلوگى كېلياشتۇرنى «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك ئابىدىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئەسلى يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىدا تۇرپان، چاقىلىق (مىرەن)، دۇخانلاردىن تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلغانلىقىنى يازىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئىسپاتلار، بىزنىڭ مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىكى «چىن» ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنسۇ خانلىقى دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىشىمىزگە يول بېرىدۇ. ناۋادا بىز ئەكسىچە باشقا بىر جايىنى كۆرسىتىدۇ دېسەك، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «... شەھەرلىكلەرنىڭ ئايرىم تىلى بولسىمۇ تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ، بىزگە يازغان خېتىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ» دېگەن باياننى قاداق چۈشەندۈرىمىز؟ مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان «ئايرىم تىل» يەرلىك شىۋىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئالىمنىڭ ساپ تىل قارىشى پوزىتسىيىسى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى، ئودۇنلۇقلار ھىندىلاردىن «ھ» تاۋۇشىنى كىرگۈزگىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ساپ تۈركلەردىن ھېسابلىمىغان. ئۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر شىۋىسىمۇ بار» (خەنزۇچە نۇسخىدا بۇ يەردىكى ئايرىم تىلنى دىئالېكت دەپ ناھايىتى توغرا قىلغان ـ ئاپتور) دەيدۇ. ئالىمنىڭ يەنە «رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ ...» دېگەن بايانلىرى بىزگە ناھايىتى ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ.

«ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلەك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ ... ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۇلھ تۈزگەن»①.

«زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق قاندىاق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹inan huz huraend ـ بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹huz hur› دەپ ئاتىلىپتۇ»②.

بىز يۇقىرىقى ئۈچۈرلارنى كۆرگىنىمىزدە مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئالىملارغا خاس سەزگۈرلۈكىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز، چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى مىسالدا ئۇيغۇر ئېلى بىلەن چىننى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قارىغانلىقىنى بايقىۋالغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەھمۇد كاشغەرى باشقا بىر جايدا ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرى دېگەن نامنى بىردىنلا چىن دېگەن نامغا يۆتكەپ يۇقىرىقى ئېپىزوتنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ ... مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنى ‹خۇزخور› ئىبارىسى بىلەنمۇ، بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇ تۇران بىلەن تۈرك سۆزىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان ...»③. دېمەك بىز يۇقىرىقى ئۈچۈردىن مەھمۇد كاشغەرى ئەينى زاماندا چىن نامى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى نامىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا تەخمىنەن تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتى بارلىقى كۆرسىتىپ بەرگەن، دېيەلەيمىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۆز دەۋرى ۋە ئۇنىدىن بۇرۇنقى ئىككى خىل ئۇقۇمغا مەنسۇپ چىن ۋە ماچىن ھەققىدىكى چۈشەنچە-

---

①②③ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم، 568 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

لەرنى خاتىرىلىگەن. «بۇرۇنقى» ئۇقۇمدا — خاقانىيەدە ئىسلام دىنى ئومۇملىشىشتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئىسلامىيەت بىلەن كىرىپ ئۆزلەشكەن چىن نامىدا ئاتالغان رايوننى ئۇيغۇر - تۈرك خەلقلىرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئايرىم - ئايرىم ناملاردا ئاتالغان، بۇلاردىن بىرى «تاۋغاچ» بولۇپ تاڭ سۇلالىسىنى، توغرىراقى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىنى كۆرسەتكەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئوتتۇرا چىن دەپ ئاتالغان جايلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن خىتاي دەپ ئاتالغان ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلىنى كۆرسەتكەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن تۆۋەن چىن دەپ ئاتالغان جايلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بارخان دەپ ئاتالغان بولۇپ، خاقانىيەتنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىنى كۆرسەتكەن ھەم سۇلالە نامى بىلەن خاقانىيە دەپ ئاتالغان.

ئوتتۇرا چىن ۋە خىتاي دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن «چىن» دەپ ئاتالغان. تۆۋەن چىن ۋە بارخان دېگەن ناملار قوللىنىلىشتىن قالغان.

بىز بۇ قاراشلارنى فورمىلالاشتۇرساق مۇنداق بولىدۇ:

تارىم ۋادىسىغا ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى چۈشەنچىلەرنى فورمۇلالاشتۇرساق مۇنداق بولىدۇ: يۇقىرى چىن = شەرقىي چىن = تاۋغاچ (جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى بولۇپ، سەددىچىنىنىڭ سىرتىنى كۆرسىتىدۇ). ئوتتۇرا چىن = خىتاي (بۈگۈنكى گەنسۇ ۋە شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرى). تۆۋەن چىن = غەربىي چىن = بارخان (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا شىنجاڭدىن تاكى ئامۇ دەريا ۋادىسىغىچە). بۇ قاراشلار ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرق ھەققىدىكى، جۈملىدىن چىن ۋە ماچىن ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن مۇسۇلمانچىلىققا مۇشەررەپ بولمىغان ۋاقىتتىكى تۈرك - ئۇيغۇر ئاتالغۇلىرىنىڭ تەڭلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىشىدىن ئىبارەت. مەھمۇد كاشغەرى زامانىسىغا كەلگەندە، يەنى ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئىسلام دىنى ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن چىن ۋە ماچىن ناملىرى ئەسلىدە تۈرك - ئۇيغۇر خەلقلىرى قوللىنىپ كەلگەن تاۋغاچ، خىتاي، بارخان ناملىرىنىڭ ئورنىنى ئالغان ۋە ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ مەۋھۇم ئۇقۇم دائىرىسى تەدبىقلانغان، لېكىن بىرەر ئەسىردىن كېيىن خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بۇ ھەقتىكى تونۇشىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن، «قۇتادغۇبىلىك» كە 12 - ئەسىرلەردە تولۇقلاپ قويۇلغان كىرىش سۆزلەر بۇنىڭ دەلىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى زامانىغا كەلگەندە يۇقىرى چىن ۋە تاۋغاچ ئاتالغان شىمالىي جۇڭگو رايونى «ماچىن» دەپ ئاتالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇسۇلمان ئەرەب - پارس دۇنياسى چىن دەپ قارىغان مەشرىق دىيارىنىڭ ئۇيغۇر - تۈرك خەلقلىرى تاۋغاچ، خىتاي، بارخان دېگەن جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بۇ نامنىڭ قانداقتۇر بىرەر دۆلەتنى ئەمەس، جۇغراپىيىلىك دائىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇ تونۇشىدا ئۆزگىرىش بولغانمۇ يوق؟ ئەگەر ئۆزگىرىش بولغان بولسا قانداق بولغان؟ بۇنىڭغا مەھمۇد كاشغەرى ئۆز جاۋابىنى قالدۇرغان. تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇرۇنقى يۇقىرى چىن = شەرقى چىن = تاۋغاچنى ئىسلام چۈشەنچىلىرىدىن ئېلىپ ماچىن دەپ قارىغان. بۇرۇنقى ئوتتۇرا چىن = خىتاينى بولسا چىن دەپ تونۇغان، دېمەك، بۇ قاراشلاردا زور ئۆزگىرىش بولغان. بىز مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدىكى چۈشەنچىلەرنى فورمۇلالاشتۇرۇپ ئۇيغۇر - تۈرك تىلىدىكى نام بىلەن ئەرەب - پارس تىلىدىكى ئاتالغۇنىڭ

تەڭداشلىقىنى كۆرسەتسەك تاۋغاچ = ماچىن، خىتاي = چىن بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا چىن ۋە ماچىن ناملىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمىمىزدە تاۋغاچ نامىغا يولۇقتۇق، بىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. تاۋغاچ ۋە تاۋغاچخان ئاتالغۇلىرى تارىخىمىزدا ئۇچرايدىغان تارىخىي ناملار بولۇپ تاۋغاچخان خاقانىيە خاقانلىرىنىڭ نام - شەرىپى سۈپىتىدە پۇللاردا ۋە يازما يادىكارلىقلاردا كۆرۈلسە، تاۋغاچ نامى بىر تۈركۈم خەلقنىڭ نامى ياكى دۆلەت نامى سۈپىتىدە مەنبەلەردە مىلادىيە 7 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندە بىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى ھەم باشقا ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىپ قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

«تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى يافەس ۋە يافەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ رۇم ئەۋلادىنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسھاق، ئىسھاق ئوغلى ئىسۇ ۋە ئىسۇ ئوغلى رۇمغا بېرىپ تاقالغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىر مۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن بۇلاردىن ئاساسى ئانا قەبىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق - ئايماقلىرىنى تاشلىدىم. كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. رۇمغا ھەممىدىن يېقىن جايلاشقان قەبىلە پەچەنەك، ئاندىن قالسا قىفچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشغىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرقىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. بۇ قەبىلەرنىڭ ھەممىسى رۇم ئۆلكىسى يېنىدىن شەرققە قاراپ شۇ تەرتىپتە سوزۇلغان. ئاندىن چىگىل، توخسى، ياغما، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي چىن دېمەكتۇر. ئاندىن تاۋغاچ، بۇ ماچىن دېمەكتۇر. بۇ قەبىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ»①.

«tavɤaq تاۋغاچ، (ماچىن) ئېلىنىڭ نامى، مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يىراقلىقتا، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى يۇقىرى چىن. بۇ يەر شەرقتە بولۇپ tavɤaq دېيىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، خىتاي hitay دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ بارخان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە، لېكىن ھازىر تاۋغاچ ماچىن دەپ، خىتاي چىن دەپ تونۇلىۋاتىدۇ»②. «... ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي چىن دېمەكتۇر. ئاندىن تاۋغاچ، بۇ ماچىن دېمەكتۇر»③. «تاۋغاچ، تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ tavɤaq دەپ ئاتىلىدۇ. تات ئۇيغۇر دېمەكتۇر. تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر»④.

Tavɤaq ھەربىر بۈيۈك قەدىمىي نەرسە «tavɤaq aeziæzi» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. «مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە «تاۋغاچخان» دېيىلىدۇ. tat tavɤaq بۇ جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا «تات» سۆزى «پارس» دېگەن مەنىدە، «تاۋغاچ» سۆزى «تۈرك» دېگەن مەنىدە كەلگەن. مېنىڭچە مەن بەرگەن تەبىر

---

①②③④ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 38 -، 592 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

توغرىراقتۇر. ئىسلام ئەللىرىدە مەشھۇر بولغان چۈشەنچە مۇشۇنداق. ئۇ يەرلەردە ئۇنداق ھەر ئىككىسى تۇزۇك. Tavɣaq تاۋغاچ يۇداسى – يوپۇرماقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ①.

بۇ بايانلاردىن مۇنداق بىر ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيمىز. بىرىنچى، مەھمۇد كاشغەرى زامانىدىن بۇرۇن، ئۇ خەرىتىسىدە كۆرسەتكەن «ماچىن» ئاتالغان جاينىڭ نامى تاۋغاچ بولغان. ئۇ جاي مەھمۇد كاشغەرى زامانىغا كەلگەندە «تاۋغاچ» دېيىلمەستىن «ماچىن» دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەھمۇد كاشغەرى زامانىسىدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزەرىدە تاۋغاچ ھەرگىزمۇ «ماچىن»نىڭ نامى ئەمەس. «ماچىن» بولسا ئۇلار قوللانغان بىردىن بىر نام بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تاۋغاچ كارۋىنى» دېگەن ئاتالغۇنى قوللانغان. ئىسلام ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە مەھمۇد كاشغەرى كۆرسەتكىنىدەك يەنە بىر خىل چۈشەنچە مەۋجۇد بولۇپ، تاۋغاچ تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقىنىڭ نامىدۇر، لېكىن ئۇيغۇرلار تاۋغاچ دەپ تېخىمۇ شەرقتىكى خەلقنى ئاتىغان. بۇنىڭغا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «tat tavɣaq بۇ جۈپ سۆز، بۇ ئورۇندا 〈تات〉 سۆزى 〈پارس〉 دېگەن مەنىدە، 〈تاۋغاچ〉 سۆزى 〈تۈرك〉 دېگەن مەنىدە كەلگەن» دېگەن بايانى بىلەن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ «مەرىچى ئاتلىغ ئۈچ قىدىغ تۈرك تۈركەش يىر ئول» دېگەن ئۇچۇرلىرىنى پاكىت قىلىش مۇمكىن. دېمەك يۇقىرىقىلارغا قارىغاندا ئەينى دەۋردە «تاۋغاچ» ئاتالغۇسى ھەققىدە بىر قانچە خىل قاراشلار بولۇپ ئۇلار بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى دەپ ئايرىلغاندىن سىرت يەنە ئىسلام ئەللىرى ھەم مۇسۇلمان ئەمەس ئاھالىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىدە ھەرخىل بولغان. مۇسۇلمانلار دۇنياسى تاۋغاچ نامى بىلەن تۈرك – ئۇيغۇر خەلقىنى كۆرسەتكەن، تۈركى خەلقلەرمۇ تاۋغاچلارنى تۈركىي خەلق دەپ قارىغان.

تۆۋەندە بىز بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 5 – جىلدىنىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرىدىن مىسال كۆرۈپ باقايلى: (2) بۇدىستۋى تايتۇ سامتسو ئاچارى ··· (23~22) دىن خۇئېنتسۇ ئۇلۇغ تاۋغاچلىغ تويىن مۇنتا بوشغۇتقا كەلتىم. (99~98) يانا تاۋغاچ ئىلى ئەرسەر. مەرىچى ئاتلىغ ئۈچ قىدىغ تۈرك تۈركەش يىر ئول. (269 ~ 267) مخاچىنادىش ئۇلۇشتىن كەلىگلى نومچى بىلگە سامتسو ئاچارى ئۆز ئېلىگە بارغالى تۇرۇر. (281—279) نومچى ئاچارىنىڭ ئۆز ئىل تاۋغاچقا بارغۇلۇق تاپى ئەرسەر. يەشمىسى مۇنداق: بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىدىكى بۇدساتىۋا سامتسو ئاچارى ··· مەن خۇئېنتسو (شۈەنجاڭنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئاتىشى) ئۇلۇغ تاۋغاچلىق راھىپ بولىمەن. بۇ يەرگە ئۆگىنىشكە كەلدىم. يەنە تاۋغاچ (جۇڭگو) ئىلى بولسا مەرىچى ئاتلىغ ئۇزاق تۈرك تۈرگەشلەر يېرىدۇر. بۈيۈك چىن ئېلىدىن كەلگەن نومچى دانىشمەن سامتسو ئاچارى ئۆز ئېلىگە قايتماقچى بولۇۋېتىپتۇ. نومچى ئاچارىنىڭ ئۆز ۋەتىنى تاۋغاچقا قايتماقچى بولغان ئويى بولسا②··· بىز بۇ يەردە چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەزى مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە مەنبەدىن ئۇچۇر بەرسەك ئارتۇقچە كەتمەس دەيمەن:

《玄奘支那国僧来此学问岁月… 大唐国芯蒽玄奘谨修书中印度摩诃驼国三藏智光法师》

---

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 – توم، 592 – بەت.

② ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرگۈزۈلگەن.

«شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى «مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى سامستو ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى 大唐 ۋە 支那 ئاتالغۇلىرىنى سىڭگۇ سەلى تۇتۇڭ «ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلى»، «تايتو» دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى ئالىملار تاڭ سۇلالىسىنى تۈركلەر قۇرغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا، ئەلۋەتتە ئۇلار تۈرك بولغان تەقدىردىمۇ زور دەرىجىدە خەنزۇلاشقان تۈركىي خەلقلەر ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. بىز تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلار تۈرك دېگۈچىلەرنىڭ قانچىلىك ئاساسى بارلىقىنى بىلمەيمىز، ئەمما تاۋغاچ نامىنىڭ تۈركىي خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالايمىز. ئۇنداقتا ئالىم نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككى نامنى تاۋغاچ دەپ تەرجىمە قىلىدۇ؟

قۇربان تۇران ئەپەندى «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە 〈تاۋغاچ〉 ئاتالغۇسىنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قارىغاندا، بۇ ئاتالغۇ ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ كۆك تۈرك خانلىقى (6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ... كۆك تۈركلەر كۆچىيىشكە باشلىغان 4 - ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ تۇنجى بولۇپ چېلىقتۇرغىنى جەنۇبتىكى قوشنىسى توبالار قۇرغان ۋېي سۇلالىسى (386 - 557) بولغانىدى ...〈تاۋغاچ〉 ئاتالغۇسى، شۇ مەنىدىن ئالغاندا، 〈توبا〉 ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى تۈركچە تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن ئىبارەت. ... ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاڭ سۇلالىسى گۈللىنىپ، كۆك تۈركلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان مەزگىللەردە 〈تابغاچ〉 ئاتالغۇسى رەسمىي تۈردە 〈جۇڭگو〉 دېگەن قېلىپلاشقان ئاتالغۇغا ئايلاندى ھەمدە شىمالىي ئاسىيادىكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تىلىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىدى ... كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ھالاك بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، 〈تاۋغاچ〉نامى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا تاكى 13 -، 14 - ئەسىرلەردە〈جۇڭگو〉نى كۆرسىتىدىغان 〈قىتان، خىتاي〉 ناملىرى ئومۇملاشقانغا قەدەر ئىشلىتىلدى ... قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرى ئىچىدە 〈تابغاچخان〉 دېگەن نام بىلەن ئاتالغان خانلار خېلى كۆپ، بۇ دەۋرگە كەلگەن، 5 - ئەسىرلەردىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن 〈تاۋغاچ〉 ئاتالغۇسى بارغانسېرى〈جۇڭگو〉 دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەيدىغان بولدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە 〈تاۋغاچ〉 ئاتالغۇسى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى 〈تابغاچ〉 شەكلىدىن 〈تاۋغاچ〉 شەكلىگە ئۆزگەرگەن ۋە 〈ماچىن〉 ئېلىنىڭ نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن ...»[1] دەپ يازىدۇ.

ياپونىيىلىك ئالىم نېيتەن جىننىبىڭ «تابغاچنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى قەدىمكى تۈركىي تىلدا «Tab—ghac» (Tab تۇپراق، ghac ئىگىسى) تۇر. 〈ۋېينامە. شۇ قىسىمىسى〉دە شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ توبالارنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە 〈شىماللىق ئاۋامنىڭ ئادىتىدە تۇپراقنى 托 دەيدۇ، كېيىنكى خەت 跋 ئۇرۇق نامىدۇر. 〈ۋېينامە〉دە Tab—ghacنى 托跋 دەپ يازغان»[2] دەپ قارايدۇ.

گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ گاباين خانىم (1901 - 1993) «قاراقوچۇ ئۇيغۇر

---

① قۇربان تۇران: «تابغاچقا ئېنىقلىما»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1997 - يىلى، ئۇيغۇرچە 3 - سان.

② «شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ۋە موڭغۇل تارىخىدىن تەرجىمە توپلام»، يۇننەن خەلق نەشرىياتى، 2003- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 254 - بەت.

www.uyghurkitap.com



خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ نام ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”Tabqac دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا دائىم qutluq «بەختلىك» دېگەن ئېنىقلىغۇچى قوشۇلغان، خەنزۇچە تېكىستتە بولسا بۇ سۆز يوق ئىدى. Tabqac سۆزى 10 ـ ئەسىر زامانىسىدا «جۇڭگو» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇ چاغدا جۇڭگو قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇراتتى، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئۇيغۇر تەرجىمان (راھىپ غوزال) تابغاچ سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى، يەنى 5 ـ ئەسىر زامانىسىدىكى توقبات سۇلالىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلسە كېرەك. ئۇ تىلنىڭ قالدۇقلىرىدىن قارىغاندا، توقباتلار ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت سۈپىتىدە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن Tabqac سۆزىنىڭ ئالدىغا «بەختلىك» دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى قوشقان.①“

گابائىن خانىمنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەرجىمىسى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى تەتقىق قىلغاندا چىقارغان يەكۈنى. ئالىم تاۋغاچ نامىنىڭ ئەنە شۇ تۈركىي خەلق توقبات (باشقا مەنبەلەردە تۇبا~تۇۋا دەپ ئېلىنىدۇ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ تۇۋا دەيدىغان مەلۇم ساندا نوپۇسى بار تۈركىي تىللىق خەلق ئېلىمىزدە ياشىماقتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ياشايدىغان ئاھالىسى 1979 ـ يىلى 162 مىڭ، موڭغۇلىيىدە يەنە 20 مىڭدىن ئوشۇق نوپۇسى بار، لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركى تىل ئائىلىسى شەرقى ھۇن تارمىقىنىڭ ئۇيغۇر تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ) تىن كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ. ئاتاقلىق تۈركلوگ كلاۋسون «تۈرك، موڭغۇل، تۇڭگۇس» ناملىق ئەسىرىدە بىر قاتار تەتقىقات مۇلاھىزىلەردىن كېيىن «خۇلاسە قىلغاندا تابغاچلار (拓跋) تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ، بەلكىم ئۆلچەملىك تۈركىي تىل بولماسلىقى مۇمكىن، بەلكى 1/r دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ»② دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

مەنبەلەردە تابغاچ نامى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل يەنى: tabɣaq ، tavɣaq ، tawɣaq دېگەنگە ئوخشاش ترانسفىكسىيە قىلىنىدۇ. بۇ ئاتالغۇ تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشلاردا ئەڭ بۇرۇن كۆرۈلگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»دا: ”بىلگە تونيۇقۇق بەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىگە قىلىنتىم. تۈرك بودۇن تابغاچقا كۆرۈر ئەرتى ـ بىلگە تونيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۇم. (ئۇ زامانلاردا) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى“ دېيىلسە، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»نىڭ 14 ـ قۇرىدا ”ئوڭ تەرەپ (جەنۇب) تە تابغاچلار دۈشمىنىمىز ئىكەن، سول تەرەپ (شىمال) تە باز خاقانى ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن“ دېگەندەك جۈملىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق ئۇلار، يەنى تابغاچلار تۈرك تۈرگەش خەلقى بولسىمۇ، موڭغۇلىيە دائىرىسىدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتتىمۇ، دوستانە مۇناسىۋەتتىمۇ بولغان. تۈركىي خەلقلەر تابغاچتىن ئىبارەت بۇ قېرىنداشلىرىنى ئوبدان چۈشەنگىنى ئۈچۈن گەرچە تاڭ سۇلالىسىنى ”تايتو (大唐) دەپ ئاتىسىمۇ تۈركىي خەلقلەرنى شۇ زېمىننىڭ ئىگىسى دەپ قارىغان ۋە ئۇلارنى كۆپ ھاللاردا «تابغاچ» دەپ ئاتىغان، ھەتتا خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى كۆرسىتىشتىمۇ ”تابغاچ“ نامىدا

---

① «شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ۋە موڭغۇل تارىخىدىن تەرجىمە توپلام»، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 254 ـ بەت.

② نۇرۇجى: «ئالتاي مەدەنىيىتى ۋە غەربىي دىيار فىلولوگىيىسى»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 100 ـ بەت.

ئاتايدىغان بولغان. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئىشلىگەن تەرجىمىسىدە يەنە «يەمە قۇتلۇق
ئۆگدۈن ئۇلۇغ تاۋغاچ ئىلىنتە تايشىڭ سىۋشىڭ ئالقۇ شاستىر — لارىغ نولارىغ قالىسىز
ئۆتكۈرمىش بۇدىستۇۋ گىتسو سامتسو ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن تاۋغاچ تىلىنچە ئەۋىرمىش
يانا بۇ بىش چۆبدىك كەليۇك بۇلغانيۇق ياۋىز ئۆدتە قولۇتا كىنكى بوشغۇتلۇغ بىش بالىقلىغ
سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن ئىكىلەيۇ تۈرك ئۇيغۇر تىلىڭە ئەۋىرمىش - يەنە قۇتلۇق
شەرقتىكى ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىدە (جۇڭگودا)، ماھايانا ۋە ھىنايانانىڭ بارلىق شاستىرلىرىنى،
نوملىرىنى (سۇتىرالىرىنى) پۈتۈنلەي ئېنىق بىلگەن بۇدساتتۋا گىتسۇسامتسو (ئۈچ غەزىنىلىك
يىجىڭ) ئاتلىق ئۇستاز ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىن تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىغا تەرجىمە قىلغان،
(كېيىن) يەنە، بۇ بەش خىل پاسكىنچىلىق كېلىپ بۇلغانغان زاماندا، كېيىن ئۆگەنگەن
بېشبالىقلىغ سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە
قىلغان)»① . ئۇنىڭ «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى تەرجىمە قىلىشقا ئىشلەتكەن ئىبارىلە-
رىمۇ ئوخشاش بولۇپ، «قۇتلۇغ ئۇلۇغ تاۋغاچ ئىلىنتە ئۈچ ئاغىلىغ نوم ئۆتكۈرمىش خۇيلىپ
تايشى ئۆدىگ ئالىپ تاۋغاچ تىلىنچە ياراتمىش ... تاۋغاچ تىلىنتىن بېشبالىقلىغ سىڭقۇ سەلى
تۇتۇڭ ياڭىردى تۈرك تىلىنتىن ئەۋىرمىش ...»② دېيىلگەن.

فرانسۇز شەرقشۇناسى رېنې گوسسۇتمۇ «بوزقىر ئىمپېرىيىسى» ناملىق كىتابىدا: «
tabgatch خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى 拓跋 دۆر ... ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە بولغان
ئىستېلاسىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ شىمالى قىسمى ( 华北 )
شۇندىن باشلاپ تابغاچ ئېلى دەپ ئاتالغان. ۋىزانتىيىلىكلەرمۇ مەركىزى ئاسىيالىقلاردىن
ئۆگىنىپ ئۇلارنى تابغاچ دەپ ئاتىغان بولسا، تۈركىي تىلىدا tabgatch ياكى tabghatch دەپ،
ئەرەب تىلىدا tamghadj ، ئوتتۇرا ئەسىر گرېك تىلىدا taugast دېيىلگەن»③ دەپ يازىدۇ.

ئاتاقلىق رۇس تۈركولوگى كىلياشتورنى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش ئابىدىلە-
رىنى ۋە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن چىقارغان:
«4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سيانپى قەبىلىلىرىنىڭ بىرى -
تۈركىي تىللار سىستېمىسىدا سۆزلەشكۈچى تابغاچ (Табгачи ، خەنزۇچە 拓跋 دېيىلىدۇ،
قەدىمكى تۈركچىدە tabgac ، گرېك تىلىدا Tauγaστ ، ئەرەب تىلىدا Тамгадж دېيىلىدۇ)
لار قۇدرەت تاپتى. 386 - يىلى، ئۇلارنىڭ قەبىلە سەردارى توغبات گۇي شىمالىي ۋېي
سۇلالىسى (386 - 532 - يىللىرى) نى قۇرۇپ، جۇڭگونىڭ پۈتۈن شىمالىي قىسمىغا
ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، تابغاچ قەبىلىسى ۋە ئۇ تىكلىگەن
خاندانلىق خەنزۇ مىللىتى مۇھىتىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىۋېتىلدى. رۇنىكچە
ئابىدە تېكىستلىرىدە ئىشلىتىلگەن تابغاچ دېگەن بۇ نام جۇڭگونىڭ يەرلىك ئاھالىسىنى
كۆرسىتىدۇ»④ دەيدۇ.

---

① «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، 2001 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - سان، 61 - بەت.

② «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە 2001 - يىللىق 1 - سان، 28 - بەت.

③ رېنې.گوسسوت: «بوز قىر ئىمپېرىيىلىرى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 83 - بەت.

④ كىلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 200 - بەت.

www.uyghurkitap.com



ئىلىمىز تۈركلوگى، دوكتۇر رۇي چۇەنىڭ «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا ئىلىمىزنىڭ تاۋغاچ ~ تابغاچ ناملىرى ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىمنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، ئىلىمىز مۇئەللىپلىرىدىن خوڭ جۈن بۇ ئاتالغۇنى قىتانلارنىڭ داخې ئۇرۇقى ( 大贺 ) نامىدىن كەلگەن، دەپ قارىغان. سېن جوڭمىيەن دەسلەپ دۇخان نامىدىن كەلگەن، دەپ قارىغان ۋە كېيىنچە بۇ قارىشىدىن يېنىۋالغان. لياڭ يۈەندوڭ بۇ نامنى تۈركىي تىلىدىكى تەڭرى سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر بۇ ئاتالغۇ 大汗 نىڭ جۇڭگو ئەنئەنىسىگە ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ قارىسا، جاڭ شىڭلىياڭ ئەپەندى خەن سۇلالىسىنى كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغ خەن مەنىسىدىكى 大汉 سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قارىغان. فرانسىيىلىك ئالىم دېجىڭ بۇ نامنى بۈيۈك ۋېي سۇلالىسى مەنىسىدە 大魏 دىن كەلگەن دەپ قارىغان. ياپونىيىلىك ئالىم بەيناۋكۇجى، فرانسىيىلىك ئالىم پېللىئوتلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇرغان توبا ـ تاۋغاچلارنىڭ نامىدىن كەلگەن، دېگەن قاراشنى قوللايدۇ. دوكتۇر رۇي چۇەنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جاڭ شىڭلىياڭنىڭ قارىشىنى قوللايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن 大汉 بىلەن Tabγac نىڭ تەلەپپۇز يېقىنلىقىنى، خەن سۇلالىسىنىڭ 400 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىقى ھەيۋىتىدىن بۇ نامنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 大家، 宅家 ئىبارىلىرىنىڭ ئەنە شۇ تابغاچخان ئىبارىسىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى خەنزۇ فىزىكا ئالىمى دوكتۇر جۇ شۆيۈەن «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كىتابىدا «تاۋغاچ ئېھتىمال توڭغۇسلاردۇر. ... ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تىلىدا جۇڭگو tanguz دەيدۇ، بۇنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن 通古斯 ئوخشاش بولۇپ ئەمەلىيەتتە تاۋغاچ سۆزىدۇر. توققۇز ئەل دېگەن مەنىدە، ئاۋام ئارىسىدىكى توققۇز ئۇرۇقلاردۇر. پېللىئوتنىڭ تاۋغاچلار توبا ئۇرۇقى دېگەن قارىشىنىڭ ئاساسەن ئاساسى يوقتۇر» دەپ يازىدۇ[①].

قىرغىز ئالىمى ئەنۋەر بايتۇر بىلەن خەيرىنسا سىدىقلار «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «بۇ چاغدا چەت ئەل ماتېرىياللىرىدا 〈جۇڭگو〉 دېگەن نام 〈تابغاچ〉 دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ نام ئەسلىدە تۈرك قەبىلىلىرى تەرىپىدىن شىمالىي ۋېي خانلىقىغا (توۋا خانلىقىغا) بېرىلگەن بىر نام ئىدى. كېيىنچە ئۇ پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئورتاق نامىغا ئايلاندى»[②] دەيدۇ.

( داۋامى بار)

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف شىركىتىدە)

---

① جۇ شۆيۈەن: «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى، بېيجىڭ خەنزۇچە نەشرى، 262 ـ بەت.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 254 ـ بەت.

# قاراخانىيلار ئەدەبىياتى ۋە تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشى[1]

روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران

يۇقىرىدىكى بۇ ئابزاس ئۆز نۆۋىتىدە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ ئىزاھاتىدۇر. بۇ تىل قەدىمدىن ھازىرغىچە قەشقەردىن تارتىپ يۇقىرى چىنىغىچە خاقانلار ۋە سۇلتانلارنىڭ خەت ـ ئالاقىلىرى ۋە ھۆججەتلىرىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، تۈرك يۇرتىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە قوللىنىلاتتى. كىرىش قىسمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلىكى گرامماتىكىلىق دىئالېكتىكا، تىل جۇغراپىيىسى، شۇنداقلا خەرىتىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارغا چېتىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى مىسال كەلتۈرگەن شېئىر ـ قوشاقلار ئاۋام ئارىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرگە ئوخشىتىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاغزاكىي شېئىر ـ قوشاقلىرىنىڭ قاپىيىلىك شەكلىدە كەلگەن. بۇ پارچە ھالەتتىكى شېئىر ـ قوشاقلار ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلىتىش دائىرىسى بويىچە مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن ھەم چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، مۇنازىرە شەكلىدە ئورتاق تېمىلار ۋە رىتىم، قاپىيەلەر ئېھتىياجى بويىچە گۇرۇپپىلاشتۇرۇلغان. بۇنداق شېئىر ـ قوشاقلار 50 دىن كۆپرەك بولۇپ، تەكرارلىنىدىغان بۆلەكلەر بىردىن ئون ئالتىگە يېتىدۇ. بۇ قوشاقلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى جەڭ قوشاقلىرى، قالغانلىرى مۇھەببەت قوشاقلىرى، تەبىئەت قوشاقلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاپتور كۆپ ھاللاردا ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ئۆلۈمىگە دائىر قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولغان قوشاقلاردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا بايانىي مىسرالارمۇ بار بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تارىخى ۋە رىۋايەتلىك سۆزلىرى بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، جۇغراپىيىۋى ئېتىمولوگىيىلىك ناملار، مەدەنىيەت تېرمىنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتىكى سۇژىتلىق بايانلار، شېئىر ـ قوشاقلار يا ئالىپ ئەرتوڭاغا، يا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى مەغلۇپ قىلغان تۈركلەرنىڭ پادىشاھى «قاغان شۇ» غا تۇتىشىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى تۈردىكى شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇلاردا تۇران ئەفراسىياپ تېمىسى ۋە زۇلقەرنەيننىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئائىت ئوخشاشلىق «شاھنامە» گە قارىغاندا نىسبەتەن ئاز. مەسىلەن، «شاھنامە» دە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئالىپ ئەرتوڭا ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەھرىمانى «قاغان شۇ» غا ئالاقىدار رىۋايەت ـ لېگېندىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنى ئەفراسىياپ قاغانلار، تېكىنلەرنىڭ ئاتىسى، تارىملارنىڭ خان ـ پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، قاز، بارمان، بارىسخان ناملىرى بىلەن ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ بىناچىسى (قاز دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر پارس تىلىدا «قازىن» بولۇپ، ئەسلىدە «قاز ئۆيىن» بولۇپ، «قاز مەيدانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ (ئەفراسىياپنىڭ) پۇقرالىرى بارچۇقتىكى ۋاقتىدا ئۇ قەشقەر ئوردۇكەنتنى بىنا قىلىدۇ، ھازىر

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىرانىيلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. مەسىلەن، «شاھنامە» دە ئۇ (ئەفراسىياپ) دەسلەپتە قۇندۇز (گاڭ) كېيىنچە بايكەنتتە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭ «شىدا» ئىسىملىك بىر ئوغلى ۋە مانىزخا، قاراخىز ئىسىملىك قىزلىرى بار قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى زۇلقەرنەيىننىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئىش - ئىزلىرىغا دائىر بايانلاردا مەھمۇد كاشغەرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۈچ ئاساسلىق قەبىلىسىنىڭ ناملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ. يەنى چىگىل (قاراخانىيلار)، تۈركمەن (ئوغۇزلار) ۋە ئۇيغۇرلار. بۇ ئىسىملارنىڭ ھەممىسى پارسلارنىڭ ئېتمولوگىيىسىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. ئۇ يەنە «ئالتۇن قان» دېگەن يەر نامىنىڭ «ئۆگە» دېگەن نامىنىڭ، «قالاچ» دېگەن قەبىلىنىڭ، «تۇتماچ» دېگەن تائامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتمولوگىيىسىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. بىراق ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ قەھرىمانى سانالمايدۇ. چۈنكى ئۇ پايتەختى بالاساغۇننىڭ بىناچىسى، تۈركلەرنىڭ قەھرىمانى «قاغان شۇ» تەرىپىدىن يېڭىلىدۇ. زۇلقەرنەيىننى دۈشمەن دەپ قارايدىغان بۇ قاراش دەل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىرانىيلارغا بولغان قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يەنى «ئىسكەندەر، ئى مەلئۇن» دېيىشىنى كۆرستىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە بولۇپمۇ «ئىسكەندەرنامە» دە ئۇ قورقماس قەھرىمان، ھەتتا «قۇرئان» نىڭ تەسىرىدە ئەۋلىيا قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئاخىردا مەھمۇد كاشغەرى يەنە بىر نۇقتىدىن غازى ئەنئەنىسى (بايانىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى) ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئەنئەنە ئەسلىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۆتلۈك شەكلىدىكى بايانىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بىلەن قوشۇلۇپ كېيىنكى مەزگىللەردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ «دەدە قورقۇت»، «گۆر ئوغلى» دەك بايانىي پىروزىچىلىقنىڭ ناخشا - قوشاقلىرى قاتارىدا ئۆزئارا يېپىشىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېپىكلىق (ئېپوسلۇق) ماتېرىيالى بار، دەپ ئېيتالايمىز، بۇ ئېپىكلىق سۆزنىتلار (ماتېرىياللار) نىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ساپ ئېپوسچىلىق ئەنئەنىسىدە بېيىپ، راۋاج تاپقانلىقى تارىخىي پاكىت بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭغا ئائىت قىسمەن سۆزنىتلار «شاھنامە» دە ئوخشىمىغان ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان. زۇلقەرنەيىنگە ئائىت ۋەقەلىكلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ «ئوغۇز» ئېپوسىدا ئوخشاشلا يەنە مۇسۇلمان تۈرك قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدا بولمىغان تۈركىي قەبىلىلەر ئۈستىدىن قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ «سۇتۇق بۇغراخان» تېمىسىدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، بۇ توغرىسىدىكى شېئىر - قوشاقلار ۋە رىۋايەتلەر پەقەت مەدەنىيەتكە ئالاقىدار سۆزنىتلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ، «دىۋان» دا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ۋە فولكلورى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، كالېندارچىلىق ۋە رىسالىچىلىكى قاتارلىقلار بىر - بىرىگە زىچ چىپسلاشقان ھالدا بايان قىلىنىدۇ ھەمدە مەھمۇد كاشغەرى بۇنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەۋقەسى قىلىدۇ. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى تەڭرى دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا قارار تاپقۇزغانلىقىغا، تۈركلەردىن بولمىغان كىشىلەرنىڭ تۈركلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنىڭ پەرز بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەھمۇد كاشغەرى خۇددى ئىسلامىيەتنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىكى ئەرەب فىلولوگلىرىنىڭ ئەرەبلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلى،

شەجەرىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى بايان قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك، تۈركلەر ئۇچۇن-مۇ دەل ئەرەب فىلولوگلىرىدەك ئىشنى قىلىپ بەردى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە بىر نۇقتىا «دىۋان» دىكى مەزمۇنلار بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇكى، بالاساغۇنلۇق يۇسۇپ مەلۇم نۇقتىدىن مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئىسلام مەدەنىيەت پارامېتىرى ئىچىدىكى ئاساسى ئېلمىنت ئورنىدا بايان قىلىدۇ. بۇ خۇددى ئۇنىڭ ئىبىن ئەل مۇقەففادىن تارتىپ فىردەۋسىچە بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىرانىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئاساسىي ئېلمىنت قىلغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق فىردەۋسىگە ئوخشىمايدىغىنى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىنى ئۆز دەۋرىدە ئېقىم ھېسابلىنىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى بىلەن باشلىماستىن، بەلكى قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىق يولىدىكى ئەقىل ئۇنچىلىرى ۋە قاغانلىق ئەنئەنىسى بىلەن باشلايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەرەبلەر ۋە ئىرانلارنىڭ ئەدەپلىرىدىكى قاغانلىق يولىدىكى ئەرەب - ئىران ئىدىئال ئەنئەنىسى بىلەن بىرلەشتۈرمەكچى بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئەسەرگە قاغانلىققا ئائىت ھېكمەتلەر باشتىن - ئاخىرى سىڭىپ كېتىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەسەردە بىر قانچە شاھزادە ۋە شائىر، ئەرەبلەرنىڭ ھېكمەتلىرى (5809 - مىسرا)، ئىرانىيلارنىڭ قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى (3265 - مىسرا)، ساسانىيلارنىڭ خانى، دۆلەت ئاتىسى نوشىرۋان (290 - مىسرا) قاتارلىقلاردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ:

276: بۇ تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277: بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تونگا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278: ئىلىدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق خەلقنىڭ تىلى.

279: ئىدى ئۇ سەرە - خىل زىرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زىرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

280: تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياپ،
بۇ ئەفراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

281: جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىك،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

282: تاجىكلار كىتابىتا پۈتۈپتۇ بۇنى،
كىتابقا پۈتمىسە كىم ئۇققاي ئۇنى.

مەھمۇد كاشغەرى مىسال كەلتۈرگەن ماقال ـ تەمسىللەر ئىچىدە «ياش ئوت كۆيمەس، ئەلچى ئۆلمەس» دېگەن بىر ماقال ـ تەمسىل بار بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بايانى يەنە خائىنلىق، قوپاللىق دېگەن يوشۇرۇن مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئەلچى بولغان كىشى ساداقەتمەن، خۇش پېئىل بولۇشى كېرەك). تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇ ماقال ـ تەمسىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەلىمىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاقانلىرىغا بولغان مۇراجىئەت سۈپىتىدە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

3818 : بۇ ئەلچىگە بولماس ئۆلۈم يا قىيىن،
ئىشتكەن سۆزىنى يەتكۈزسە ئۇ چىن.

3819 : بۇ ئەلچى دېگىنىم شۇ خىل ئەلچىدۇر،
نىمىكى سۆز ئېيتسا ئۇ ئۆلمەي قالۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئاساسلىق مەسىلە ئاۋامنىڭ سىياسى ئىدىئال ئىدىيىسى بىلەن شەخسنىڭ دىنىي ئېتىقاد يولى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ زىددىيەت كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ۋەزىرى ئۆگدۈلمىش بىلەن قانائەت ۋە زاھىدلىقنىڭ سىمۋۇلى بولغان ئۇدغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە ئارقىلىق دراماتىك ھالەتتە قانات يايغان. ئۆگدۈلمىشكە نىسبەتەن جاھاننى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ يوللىرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن ھاكىمىيەتكە ئالاقىدار ھەرقايسى ئوردا خادىملىرىنىڭ، يەنى شاھزادە، ۋەزىر، نۆۋكەر، ئەلچى، كاتىپ، ئامبارچى، ئاشپەز قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى سۆرەتلەپ بېرىدۇ. ئودغۇرمىشنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان ھەر خىل كىشىلەر، يەنى ئوردا خادىملىرى بىلەن ئاۋام پۇقرا، ئالىملار، فىزىكلار، غەۋۋاسلار، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، باقمىچىلار، ياغاچچىلار، دېۋانىلەر قاتارلىقلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش لازىملىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە بولغۇسى خوتۇننى قانداق تاللاش، پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش، مېھماندارچىلىق ۋە ساھىپخانلىقتا قانداق قىلىش، چۈشنى قانداق يېشىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. ئۇ ۋايىغا يەتكەن ئەدىپ، ھۆكۈمدارلىقتىكى قابىل ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالارنىڭ تىپىك ئۈلگىسىدۇر. ئۇدغۇرمىشقا نىسبەتەن ئىنسان روھىنىڭ چىكى مۇتلەق بولۇشى ناھايىتى ئېنىق، شۇڭا ئۇ بارلىقىنى خۇداغا ئاتاشنى ئىزدەپ، زاھىدلىق ـ تەنھالىق ئىچىدە ياشاشنى توغرا تاپىدۇ. ئەسەرنىڭ 357 ـ مىسراسىدا دېيىلگىنىدەك، «ئاقىبەت» ئودغۇرمىش ئوبرازى ئارقىلىق ئادەملەشتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئالەم توغرىسىدىكى مەۋقەلەر ۋە ئىدىئال چۈشەنچىلەرنى خېمىر تۇرۇچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھۆكۈمدارلىقنى يوققا چىقارمايدۇ.

ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرلىكى شۇ بولدىكى، ئۇلار ئىران ـ ئىسلامچە قاغانلىق ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇھىم تېمىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ بولسىمۇ ھۆكۈمدارلىق بىلەن توغرا دىن بىر ئاندىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەردىن بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

مەن يۇقىرىدا قاراخانىيلار ئەدەبىياتىدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندىنىڭ تۈركىي خەلقلەردىكى ئەدەپ ئۇچۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇل قۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. ئۇلارنىڭ بىرى تىلشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيە كاتىگورىيىسىدە، يەنە بىرى قاغانلىق كاتىگورىيىسىدە روياپقا چىققان. بىراق تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمگەكلىرى مىۋىسىز قالدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرەر فىردەۋسىسى ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۆھپىلىرىنى كۆككە كۆتىرىپ تەبرىكلەشكە ھەمدەم بولالمىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە غەربتىكى ئوسمان تۈركلىرى ۋە شەرقتىكى تېمورىيلار تەرىپىدىن راۋاج تاپقان ئاغزاكىي ئېپوسلۇق ۋە سالنامىچىلىك ئەنئەنىسى بىر تەرەپتىن ئاناتولىيىدە ئولتۇراقلاشقان ئوغۇزلار، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى، تېمورىيلار ۋە شەيبانىخانلارنىڭ تۆھپىلىرى ئاساسىدا روياپقا چىقتى.

بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، پەقەت بىرلا مۇسۇلمان تارىخچىسى بەدىرىددىن ئەل ئەۋنى ئۆزىنىڭ 1422 ـ يىلى يازغان 30 توملۇق دۇنيا تارىخى ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىدا قاغان شۇ بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ئائىت رىۋايەتلەرنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى چولڭ بىر تارىخىي تېما ئاستىغا ئالغان. «قۇتادغۇبىلىك» بولسا بۇ تېمىغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئانچە ـ مۇنچە ياداپ ئۆتكەن، خالاس. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، يەنە رابغۇزىنىڭ 1442 ـ يىلى يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» سىدا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «يەتتە پىلانت، 12 بۇرج» توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئۆزگەرتىپ يېزىلغان.

شۇنىسى ئايانكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىغا ئاساسلانغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» كېيىنكى مەزگىللەردىكى تېمورىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئېقىمغا مەلۇم دەرىجىدە ئاساس سالغان، بىراق 1082 ـ يىلى يېزىلىپ، ئوسمان تۈركلىرىنىڭ تىلىغا 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە كەم دېگەندە بەش قېتىم تەرجىمە قىلىنغان ئىرانىيلارنىڭ «قابۇسنامە» سىگە سېلىشتۇرغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ھەرگىزمۇ زىر ـ زىۋەرلىكنىڭ، تەقلىدچىلىكنىڭ ئۇلى بولۇپ قالمىغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەگەر مېنىڭچە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تۈركىي خەلقلەردىكى «ئەدەپ» نىڭ بىخلىنىشى بولسا، تۈركىي ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئاساسلانغاندا، يەنە بىر قېتىم ئېيتىمىزكى، مەھمۇد كاشغەرى بىلەن بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ ئەمگەكلىرى يەنىلا مىۋىسىز قالغان بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئۇلار ئۇل قۇرۇپ بەرگەن. بىراق بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈكسىز قالغان، ياكى تېخىمۇ توغرىسى، بۇ قۇرۇلۇش كېيىنچە غەربتىكى ئوسمان تۈركلىرى بىلەن شەرقتىكى تېمورىيلار تەرىپىدىن قوپۇرۇلغان، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ سالغان ئۇلى يەنە باشقىچە ئىدى.

(قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتوتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)

# نەۋائى لىرىكىلىرىدىكى «ئىشىق» ھەسرىتى ۋە ھايات تراگېدىيىسى ئېڭى

ئىقبال تۇرسۇن

ئەدەبىيات تارىخى مەلۇم مەنىدە ئىنسانىيەت روھىنىڭ تارىخىدۇر. مۇبادا ئىنسانىيەت تارىخىنى بىر شەخسنىڭ ھايات تارىخى مۇساپىسى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىساق، ئۇنداقتا خۇددى ئىنسان ھاياتى بالىلىق، قىرانلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش، بىر جەمئىيەتمۇ بىخلىنىش، ئۆسۈش، قۇدرەت تېپىش ۋە زەئىپلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللىرىدىكى جەمئىيەت، سىياسەت ھەققىدىكى پىسخىكىسى، ھېسسىياتى، كەيپىياتى، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي غايىسى ۋە قىممەت قاراشلىرى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، دەۋرنىڭ ئالاھىدە بىر باسقۇچىدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي پىسخىكىسى، ھېسسىياتى، كەيپىياتى، ئىدىيە قاراشلىرىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. مۇنداق دەۋردە ياشىغان ئەدىپ ـ شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بولسا بۇ دەۋر ھەم ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق تەسىراتلىرىنى، روھىي يۈزلىنىشلىرىنى تەسىرلىك، ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرى ـ ئۇيغۇر فېئوداللىق مەدەنىيىتىنىڭ كۆچەيگەن بىر دەۋرى بولۇپ، فېئودال بەگ ـ ھۆكۈمدارلارنىڭ بۆلۈنمىچىلىك ئۇرۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشى، فېئوداللىق قائىدىلەر ۋە ئەخلاق قېلىپلىرىنىڭ ئىنسان ئەركىنلىكىنى بوغۇشى بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئىنساننىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەن، ھوقۇق، ئەركىنلىكى بوغۇلغان بۇنداق جەمئىيەتتە سىرتتىن قارىماققا دىن، ئەخلاق ۋە سىياسەت ئۆز ئوقىدا مېڭىپ، جەمئىيەت ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇش، جاڭجال، زىددىيەت، ئازازلىق كۈچلۈك ئىدى. خۇددى بىر ئادەم ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا دۇنيا، كىشىلىك ھايات ۋە تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ھەسرەت، قايغۇغا چۆمگىنىگە ئوخشاش، شائىر ـ ئەدىپلەر ھايات، ئىنسان قەدىر ـ قىممىتى ھەققىدە ئوتتۇرا ياشتىن كېيىن ئۆز ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، مۇھەببەت، نىكاھ، ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلىرىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ھەم ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ۋە ھاياتلىق ھەققىدىكى تونۇش، پوزىتسىيىلىرىنى قايتا ئويلىغىنىدا ھاياتقا، ئىنسانغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن بىللە، دۆلەت، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇش، پانىي دۇنيادىكى مەنىسىز، بىقارارلىق، ئىنسان تەقدىرىنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان تراگېدىيە قىسمەتلىرىدىن قەلبىدە ئۆتكەنكى سەلتەنەتلىك ھاياتقا چوڭقۇر سېغىنىدۇ، تارىخنى ئەسلەيدۇ، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات سەھنىسىدە سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتتىكى بۇ خىل ھەسرەت، ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنى ئەڭ چوڭقۇر باشتىن كەچۈرگەن ھەم پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە بۇ دەۋرنىڭ ھاياتلىق تراگېدىيىسى ئېڭىنى ئىپادىلىگەن يىرىك شائىر نەۋائى (1441 ـ 1501) دۇر.

ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان ئىلغار مەدەنىيىتى، ئىستېتىك تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان مۇتەپەككۇر شائىر. ئۇ پۈتۈن ئەسىردە دۆلەت-

نىڭ، خەلقنىڭ ئىشلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر قايغۇرۇپ، ئۆز شەخسىي ھاياتتىكى كۆڭۈلسىز-
لىكلەر، توسالغۇلۇقلار، مۇشەققەت ۋە ئازابىغا پىسەنت قىلماي، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تىنچلى-
قى، پاراۋانلىق ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللارنى ئىزدىگەن بولسا، قەلەم
ئارقىلىق ئۆزى ياشاۋاتقان فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈم ۋە بۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ روھىيىتىنى
ئېچىپ بېرىپ دەۋر توساقلىرى تۇغقان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىدى. ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەخلاق ـ
ديانەت ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىدىيە، تەشەببۇسلىرىنى ھەرخىل پەلسەپىۋى،
دىنىي، ئەخلاقىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئورۇندىدى. بولۇپمۇ شائىرنىڭ لىرىك غەزەللىرىدىن
جەملەنگەن «چاھاردىۋان»، «خەمسە» گە كىرگۈزۈلگەن داستانلىرىدا مۇھەببەت تېمىسى يۇك-
سەك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلىپ كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق تەسۋىرلەنگەن.
نەۋائىينىڭ «ئىشق» ھەسرىتىنىڭ شەخسىي ھاياتىدىكى ھەسرەتلىك سەزگۈرەشتىلەردىن، تاكى
پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئويلىنىش شەكلىدىكى
ھەسرەتلىك ھېسسىيات نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيىلىك روھ ۋە تراگېدىيىلىك يۈكسەك-
لىكنىڭ ئېستېتىك ھاياتىي كۈچىنى ياراتقان.
روشەنكى، ھەرقانداق بىر ئەدىپ ـ شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدە قانداق تېمىنى تاللاش ۋە
ھاياتنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشىدە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى
بەلگىلىگۈچ رول ئوينايدۇ. بىر پارچە ئەسەر تۇرمۇش ۋە ھاياتلىقنى ئاددىي، قوپال ۋە
يۈزەكىي ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئەدىپ ـ شائىرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان پۈتكۈل دەۋرنىڭ
مەدەنىيەت ۋە ئىدىئولوگىيە شارائىتىنى ئاساس قىلىپ سىياسەت، جەمئىيەتكە، كىشىلىك
مۇناسىۋەت، دىن، ئەخلاق ۋە ھاياتلىق مەسىلىلىرىنى ماھىيەتلىك ھالدا تېما، سۇژېت، ئوبراز
ئارقىلىق ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، نەۋائىي لىرىك شېئىرلىرى نەۋائىي-
نىڭ ئۆمۈر بويى ھايات، ئىنسان گۈزەللىكى ۋە تەقدىر توغرىسىدىكى ھەسرەتلىك دەرت ـ
مۇڭلىرى، پىغانلىق قەلبىنىڭ ئىزھارى. تۇنجۇققان، سىقىلغان قەلبىدىكى ھايات سوئاللىرى-
غا جاۋاب ئىزدەش ۋە تېگىرقاشنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. نەۋائىي ئۆمرىدە يازغان 50 مىڭ
مىسراغا يېقىن لىرىكىلىرىنى يېزىلغان ۋاقىت ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ھاياتنىڭ تۆت مەزگىلى
بويىچە «بالىلىق غارايىپلىقلىرى»، «يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»، «ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىك-
لىرى»، «قېرىلىق پايدىلىرى» دەپ تۆت پەسىلگە ئايرىغان. دىۋان تۆت كىچىك توپلامدىن
تەشكىل تاپقاچقا، خەلق ئارىسىدا «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. نەۋائىي لىرىكىلىرى-
نىڭ باش تېمىسى ـ ئىنسان ۋە ھايات گۈزەللىكىگە بولغان ئوتلۇق چىن مۇھەببەت ۋە
ئىنسانپەرۋەرلىك ـ گۇمانىستىك ئىدىيىدىن ئىبارەت.
شۇنى ئەسكەرتىش ھاجەتكى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىدا ياكى ئوقۇتۇشىدا
بولسۇن كلاسسىك ئەدىب ـ شائىرلىرىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىنى يېزىشى شۇ ئەدىب ـ
شائىرلارنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىگە خاراكتېر پىسخىكىسىغا، ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريا-
نىغا باغلىق تەرىپى نەزەرگە ئېلىنماي ئەسەرلىرىگە ئۇلار ئەسلا ئويلاپ باقمىغان چوڭ ئىجتىما-
ئىي ئىدىيىلەر يۈكلەپ قويۇلدى. شېئىرلاردىكى لىرىك قەھرىماننىڭ يارىغا بولغان مۇھەببە-
تى، يارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنى سېغىنىش، ھىجران ئازابى دېگەندەك مۇھەببەت تېمىسى
ۋە ھېسسىياتى نوقۇل ھالدا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ياكى فېئودالىزم قارشى
تۇرۇش دېگەن بىر ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاپ قويۇلسا، بىر تەرەپلىمە چۈشىنىش بولۇپ قالىدۇ.
دەرۋەقە، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە مۇھەببەتنى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش
ئارقىلىق دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئىدىيىسىنىڭ
ئاساسلىق بىر ئىجادىيەت ئەنئەنىسى بولغانلىقى راست. ئەمما ھەربىر ئەدىپ ـ شائىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

شەخسىي ھاياتى، خاراكتېر ھېسسىياتى ۋە ئەسەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرگەندە لىرىكىلاردىكى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ يەنە شۇ شەخسنىڭ تۇرمۇش، مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى جەريانىدىكى دەرد - پىراق، ھەسرەتلىرىنىڭ بىر خىل تەبىئىي ئىزھارى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا قانداقتۇر فېئودالىزمغا قارشى، دېموكراتىيە، ئازادلىق دېگەندەك چوڭ ئىدىيىلەر ئۇنچىلىك گەۋدىلىك ئىپادىلەنمىگەنلىكىنى چۈشىنىش كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز نۇرغۇن كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىغا چۆككەن ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە پىكىرلىرى ھەققىدىكى چۈشىنىشىمىزنى شائىرنىڭ دەۋرىگە ۋە ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىغا يېقىنلاشتۇرالايمىز. بىز ئەگەر نەۋائىينىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى، ئۆز دەۋرىدىكى تۈزۈم ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قەلب سىرىنىڭ تىۋشىنى ئاڭلايمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم شائىرنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنىۋى مەنبە بولغان شەخسىي خاراكتېرى، پسىخىكىسى، مىجەز - خۇلقىنىڭ يېتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ شائىرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيىتى بىلەن ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى ھەمدە شېئىرلىرىدىكى ئەكس ساداسىنى ماھىيەتلىك بىرلەشتۈرۈپ قارىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ زور ھەجىملىك لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىدە ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك مۇھىم ۋە ئاساسلىق ئورۇندا تۇتىدۇ، يەنە كېلىپ مۇھەببەت تېمىسى كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ؟ نەۋائىي مۇھەببەت تېمىسىنى كۈچلۈك ئازاب ئېڭى ۋە ھەسرەتلىك كەيپىيات ئىچىدە تەسۋىرلىگىنىدە بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت پسىخىكىسى، دۇنيا قارىشى ۋە ئىجتىمائىي غايىسى بىلەن زادى قانداق باغلىنىشى بار؟

ئەلىشىر نەۋائىي شېئىرلىرىدىكى ئىشق - مۇھەببەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گۇمانىستىك خەلقچىللىق ئىدىيە - پىكىر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان كۆز قارىشىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى رول ئويناۋاتقان ھايات سەھنىسىدە شائىرنىڭ بېشىغا كەلگەن شەخسىي تۇرمۇش، سىياسىي ھايات ۋە ئىجادىيەت مۇساپىسىدىكى بارلىق كەسكىن زىددىيەتلەر، ئوڭۇشسىزلىقلار، توسقۇنلۇقلار، بەختسىزلىكلەر پەيدا قىلغان ۋە ئىزچىل كۈچەيتكەن ئېغىر تىنىقلار، تەنھالىق، غېرىبسىنىش، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ئازاب، ھەسرەتلىك ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ تۈرتكىسى، نەتىجىسى.

ئادەتتە بىر ئەدىب - شائىرنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، ئۆسۈپ - يېتىلىش، تەربىيىلىنىش جەريانىدىكى خىلمۇخىل دۇنيا قارىشى، ئىدىيىلەر، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەمدە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە يولۇققان زىددىيەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرى، ھېسسىيات، كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي، جەمئىيەت، سىياسەت، ئىنسان ۋە ھاياتلىق مەسىلىلىرىگە تۇتقان تۈپ پوزىتسىيىسى، دۇنيا قارىشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. مەلۇم دۇنيا قاراش ۋە ئىستېتىك چۈشەنچە تىكلەنگەندىن كېيىن بولسا ئەدىب - شائىر ھاياتنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئىدىيە پرىنسىپى بويىچە كۆزىتىپ باھالايدۇ ۋە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئىدىيە ۋە قىممەت يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ھىراتتىكى ئوتتۇراھال تەبىقىدىكى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىنلا ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان ھىراتتا ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىدە ئىلىمگە كىرىشكەن ئىدى. باللىق ۋە قۇراملىق دەۋرىدە ئىراق، مەشھەت، سەمەرقەنت بىلەن ھىرات ئارىلىقىدا كۆچۈپ يۈرۈپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولغان. دادىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان، ئاندىن ئوبۇلقاسىم بابورنىڭ پاناھىدا ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئوقۇشتىن تارتىپ نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرىنى ھۇسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ بىر مۇنچە ئىشلىرىغا باغلانغانىدى. ئوبۇلقاسىم بابۇر تەختىنى مەشھەتكە يۆتكىگىنىدە نەۋائىينى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ئۇنى ھۇسەيىن بايقارا بىلەن قوشۇپ بىللە

ئېلىپ كەتكەن ئىدى. 1457 - يىلى بابۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەبۇ سەئىد ھىرات تەختىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ھۈسەيىن بايقارا تەخىت تالىشىش تەييارلىقىدا مەرۋىدە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىغان بولسا، نەۋائى مەشھەتتە قىلىپ ئوقۇشنى داۋام قىلدى. نەۋائى بۇ مەزگىلدە ئەمدىلا يىگىتلىككە قەدەم قويغان بولۇپ، ئۇ بىر چەتتىن پارس كلاسسىكلىرىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى بىرلىپ ئۆگەنسە، يەنە بىر چەتتىن لۇتفى، سەككاكى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئۆگىنىپ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى بويىچە ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن تەڭ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ھەۋەس باغلاپ ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۈرنەك ۋە ئۈلگە قىلىپ، تۈرك ۋە پارس تىلىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق شائىرلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنى ئىجادىيەتتە ئۇستاز تۇتۇپ، ھەمسۆھبەتتە بولغان.

دەل مۇشۇ ئۇنىڭ دۇنيا قاراش، ھېسسىيات، مىجەز - خۇلق ۋە خاراكتېرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن بىر قانچە ئىش يۈز بەردى. ئۇ مەشھەتتە ئوقۇش جەريانىدا سەئىد ھۈسەن ئەردەشىر، كامال تۇربەتى، مەۋلانا مۇئەممائى، لۇتفى، سەككاكى، ئابدۇراخمان جامى قاتار- لىق كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

ئەگەر ئالدىنقى مەزگىلنى نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ھەمدە نەۋائى دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى دېسەك، ئۇنىڭ سىياسىي ئىشلارغا قاتنىششى ھاياتىنىڭ بىر چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھەم ئىجتىمائىي سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ھەم لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن مەزگىلى بولدى. جۈملىدىن نەۋائىنىڭ شەخسىي خاراكتېرى، پسىخىكىسى، سىياسىي، ئىجتىمائىي غايىسى ۋە پەلسەپىۋى ئىستېتىك قاراشلى- رى بۇ دەۋرىدىكى دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدە رول ئويناپ ئاخىر ئۇنىڭ گۇمانىستىك ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرىنى يوقىرى كۆتۈردى.

نەۋائى ئوردىدا مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەر روھى ۋە ئالىيجاناپ، يىراقنى كۆرەر ئېسىل خاراكتېرى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئالدى بىلەن زالىم بەگ، مەنسەپدارلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، خەلق ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋان - سېلىقلارنى بىكار قىلدى. بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپنى ئازايتتى، شۇنداقلا خانزادىلەر ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىچكى سۈيقەستى، ماجىرالىرىنى بېسىقتۇرۇپ، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، دۆلەتنى مۇستەھكەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەۋائى يەنە شەھەر قۇرۇلۇشى، سۇ، يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، بازار، ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلارنى تەرتىپكە سېلىپ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، خەلقنى پاراۋان ئازادە تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى. مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت جەھەتتە نەۋائى ئۆزدەۋرىنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت تەشكىلاتچىسى سۈپىتىدە، خانىقا، مەكتەپلەرنى كۇتۇپخانىلارنى كۆپلەپ قۇرۇپ، كلاسسىك ئىسلام مەدەنىيەت - مائارىپىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، ئۆزى باش بولۇپ ئۆز دەۋرىدە شائىر - ئەدىپ ۋە سەنئەتكارلارنى تەشكىللەپ ئۇلارنى تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت ساھەلىرىدە ئەسەر يېزىشقا تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنى قوللاپ يېقىندىن ھىمايە قىلدى. يەنە بىر ياقتىن ئەرەب، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش مودىغا ئايلانغان شارائىتتا، ئۇيغۇر - تۈرك تىلىدا تۈركۈم - تۈركۈملەپ خىلمۇ خىل نەزىرىيىۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تەپەككۇر ئىدىيە چوققىسىنى تىكلىدى ھەم مەخسۇس نەزىرىيە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ تەسىرىدە ھەم بىۋاستە تەربىيىسىدە ئەينى چاغدا تارىخچى، شائىر - ئەدىب، رەسسام ۋە مۇزىكانىتلار يېتىشىپ چىققان ئىدى. مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلە-

رىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نەۋائى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى بېغىشلاپ، ئەمەلىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى ئارقىلىق يول باشلىغاندىن باشقا، بۇ ئىشلار ئۈچۈن ھەتتا ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ھەدىيە قىلىپ، خانىقا، كۇتۇپخانىلار، مەكتەپ، مەدرىسەلەرنى تەسىس قىلغان، شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەۋائىنىڭ تەربىيىلىنىشى، خاراكتېرى ھەم پەزىلىتىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ شەخسىي تۇرمۇش بەختسىزلىكدىن پۈتكۈل بىر دەۋر جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتى ھەمدە كىشىلەرنىڭ روھىيىتى ھەققىدىكى ئازابىنىڭ تۈرتكىسى ۋە مەھسۇلى دېيىش مۇمكىن.

نەۋائىنىڭ ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەھمىيەتلىك تىرىشچانلىقى خالىس، ھەققانىي، دۇرۇس خاراكتېرى، ئۆز دەۋرىدىكى ساختا ئەخلاق چۈمپەردىسى بىلەن ئۆزىنى نىقاپلىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە پايدا - مەنپەئەت، پۇل، ھوقۇق، ئابروي ئۈچۈن سۈيقەست، ئاداۋەت، بۆلگۈنچىلىكتىن قول ئۈزمەيدىغان، سۇخەنچى، ئىككى يۈزلىمچى، پاسىق ئەمەلدارلار، جانباقار ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەۋقەسى بىلەن زادىلا ئەپلىشەلمەيتتى. نەۋائىنىڭ دىلى بىلەن ئۆز ۋىجدانى، ئېتىقادىغا سادىق بولغان خاراكتېر مەۋقەسى، فېئودال رەزىل گۇرۇھلار ۋە ساختا دىنىي كۈچلەرنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىپ كۆزىگە قادالغان مىخ، چوڭ توسالغۇ دەپ قارالغان ئىدى. نەۋائىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، قابىلىيىتى بىلەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى دانا، يىراقنى كۆرەرلىكى، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى كۆچەيتىۋەتتى. ئوردىدىكى ساختىپەز، قارا نىيەت ئەمەلدارلار بىلەن مۇناپىق ئىلىم ئەھلىلىرى بىرلىشىپ، ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇش، خاراكتېرى ۋە شۇغۇللانغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە پىتنە - پاسات، تۆھمەت ۋە سۈيقەستلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىن چەتلەشتۈرۈشكە، ئەل ئىچىدە ئابروينى تۆكۈشكە كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان. نەۋائى تەقدىر، جەمئىيەت، ئىنساننى چۈشەنگەن، پادىشاھ، دۆلەت ۋە پۇقرانىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۆزىگە خاس بىر ئىدىيىۋى سىستېما ۋە قىممەت مەيدانىنى ياراتقان. ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بىلەن بۇ جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىق ماسلاشمايدىغانلىقىنى تولۇق بىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەمدى دۆلەت، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى قەلەم ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش يولىغا ئۆتتى. 1488 - يىلدىن 1501 - يىلغىچە ئارىلىقتا تارىخشۇناسلىق، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئېستېتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىدىن «ھالاتى سەيدىھەسەن ئەردەشىر»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «لىسانۇتتەيىر»، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»قا ئوخشاش داڭلىق ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى، ئىدىيىسى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلىرىنىلا شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ فىلولوگىيە ساھەسىدە يېتىشكەن ئەللامىسى ئىكەنلىكىنى، ھەمدە پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ساھەلىرىگە، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، روھىيەت تەرەپلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىنسانپەرۋەر، مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئالىيجاناپ خاراكتېر پەزىلىتى، روھىي دۇنياسىنىڭ يۈكسەكلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە خۇددى ئۆزى:

ئادىمى ئېرسەڭ دېمىگىل ئادىمى
ئانىڭكى يوق خەلق غەمىدىن غېمى.

دەپ يازغىنىدەك، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى، ئىنساننىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى، ھاياتنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتى ۋە ئىجادىيىتىدە تەڭ ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلدى. باشتىن - ئاخىر شەخسىي بەختسىزلىك ۋە ھەسرىتى بەدىلىگە دۆلەت، خەلقنىڭ ئازاب - قايغۇسىنى كۆپ يېدى. خۇددى:

يۈز جەفا كەلسە ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەبان،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا، يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەمەن.

دېگەندەك، ئۆزىگە قانچىلىك كۆڭۈلسىزلىك، كۈلپەت كەلسىمۇ ئۇنى يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن يېڭىپ، زاماندىن ۋە ئادەملەردىن كۆپ ۋايسىمىدى. ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچە توسقۇنلۇق ئىچىدىن يول ئىزدەپ زاماننىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، خەلقنىڭ بەخت - پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدى. نەۋائىينىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئازاب ئىچىدە، ھەسرەتلىك ئويلىنىش ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ خاراكتېر پەزىلىتى، ئەخلاقى ۋە دۇنيا قارىشى ئادەتتىكى كىشىلەردە بولمىغان بىر خىل ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرانە، دانىشمەنلەرنىڭ سىماسىنى نامايەن قىلدى. «خەزائىنۇل مەئانى» بىلەن «دىۋانى فانى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلاردا ئەلىشىر نەۋائىي ئىشق - مۇھەببەتنى باش تېما قىلىپ ئىنسان گۈزەللىكى، ھاياتنى سۆيۈش، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، نىكاھ ئەركىنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىپ ھاياتتىكى بەختسىزلىك، ھەسرەت، ئازابلىق ئۆمۈر تەسىراتى ئارقىلىق ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىك، ئادالەتسىزلىكىنى، فېئودالىزم دىنىي سىياسىي كۈچلىرىنىڭ بۇزۇق، چىرىك ئەخلاقىنى قاتتىق پاش قىلىپ، بۇ دەۋرنىڭ تراگېدىيىلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلىدى. دۆلەت ۋە خەلقنى بىلىم، ئەخلاق ئارقىلىق تۈزەشتىن ئىبارەت ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئېستېتىك غايىسىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىدە كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە. شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىكى «مەن» نىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى، ھىجران ۋە ھەسرىتى، يارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭغا بولغان زارىقىش، ۋاپادارلىق، پاكلىق، ئۈمىدۋارلىق ئەمەلىيەتتە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى تۇغقان ئازابلىق، مۇڭلۇق ئەسلىمە تەسىراتى، ئويلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان. شەخسىي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، تۇرمۇشىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار داۋامىدا كۈچەيگەن ھاياتلىق ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى پۈتكۈل ھاياتلىق، ئىنسانىيەت، بەخت، ئاقىۋەت، مۇھەببەت، ئۆلۈم، تەقدىر توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىر قىسمىتى ھەققىدىكى ئازابلىق ھېسسىياتى ۋە پىكىرلىرىنى يۈكسەك ئېستېتىك گۈزەللىككە ئىگە قىلغان.

نەۋائىي پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە مۇھەببەت، ئىشق ھەققىدىكى كۆز قارىشىنىڭ بىر نەچچە قاتلىمىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالدى بىلەن نەۋائىيچە ئىشقنىڭ بىرىنچى خىل شەكلى ئادەتتىكى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىسمانىي، فىزىئولوگىيىلىك ئىشق ۋە ھەۋەس بولۇپ، نىكاھ بۇ خىل ئىشقنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى. بۇ نەۋائىي لىرىك شېئىرلىرىدىكى «ئىشق» نىڭ، مۇھەببەت تېمىسىنىڭ تۆۋەن پىكىر قاتلىمى. ئىشقنىڭ ئىككىنچى خىل شەكلى بولسا، ئالاھىدە پەزىلەت ئىگىلىرىگە خاس «ئىشق» بولۇپ، نەۋائىيچە ئۇ قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسى-

www.uyghurkitap.com



دىكى بىر دەملىك ھاۋايى – ھەۋەس ھەم ئاددىي مۇھەببەتتىن يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. شائىر بۇ خىل ئىشقنى «مەجازى ئىشق» يەنى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئىشق، ئىنساننىڭ تەڭرىگە، ئىنساننىڭ دۇنياغا، ھاياتقا ۋە ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ئەركىن، ھەقىقىي ئىشق دەپ يۇقىرى باھالايدۇ. نەۋائى نەزىرىدىكى ئۈچىنچى خىل ئىشق «ئىلاھىي ئىشق» بولۇپ، نەۋائى ئىنساننىڭ ئاللاھ يولىغا بېرىلىشى، ھەقنىڭ تەجەللىسىگە قوشۇلۇپ پانىي مەۋجۇدلۇقتىن روھىي كامالەتكە يېتىشتىن ئىبارەت ئالىي ھەقىقەت ئىزدىشىنى «سىددىقىيلار ئىشق»ى دەيدۇ. نەۋائى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل ئىشقنى «مەجازى ئىشق» دەرىجىسىدە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرگەن بولسا، «لىسانۇتتەير» داستانى بىلەن بىر قىسىم شېئىرلىرىدا مەلۇم دەرىجىدە سىددىقىلارغا خاس «ئىلاھىي ئىشق» مەزمۇنلىرىنىمۇ ئىپادىلىگەن. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» ۋە باشقا داستانلىرىدىكى ئىسلام دىنى «قۇرئان» ۋە ھەدىسلىرى باياندىن شۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەلىشىر نەۋائى دىنىي، مىللىي، ئىرقتىن ھالقىغان ئىنسان گۈزەللىكى ۋە مۇھەببەتنى قانچىلىك ئوتتۇرىغا قويۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك مايىللىقىدىن ئالغاندا ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ياقىلايدۇ. ئۇ دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى رەت قىلمايدۇ ۋە ياكى «ئىلاھىي ئىشق» نى ئىپادىلىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىلاھىيەتچىل ئورۇنغا ئۆتۈپ قالمايدۇ. بەلكى شائىر پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئىسلام دىنى بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى بىرلەشتۇرۇپ ئاللاھ ياراتقان تەبىئەت ۋە ئىنساننىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقى، گۈزەللىكى بىلەن ھاياتىي كۈچى، مۇھەببىتى، ئەقىل ۋە ئىقتىدارىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، تەبىئەت، تەڭرى ۋە ئىنسان بىر گەۋدىلەشتۇرۇلگەن پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى تىكلەيدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە سىياسىي ھاياتىدا دۇچ كەلگەن خىلمۇخىل زىددىيەتلەر ۋە بۇ جەرياندا دۇنيانى، ھاياتنى چۈشىنىش جەريانىنى بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ تېما، ھېسسىيات ۋە ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. بىز ئۇنىڭ داستان ۋە لىرىكىلىرىدىكى ھاياتلىق، ئىنسان ۋە مەۋجۇدلۇق، تەقدىر مەسلىسىگە مەركەزلەشكەنلىكىدىن شائىرنىڭ ئىككىنچى خىل ئىشقنى، يەنى ئىنساننىڭ تۈپ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ۋە ئۇنى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان «مەجازى ئىشق » نى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ ئۇنى ئۆز ھەقىقىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شەكلى قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

تەتقىقاتچىلار دەپ كېلىۋاتقاندەك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئەلىشىر نەۋائى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەركىزى. بۇ خىل كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق ئىنسان ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئىجتىمائىي ئىستېتىك ۋە ئەخلاقىي قاراشلاردىن تەركىب تاپقان ئىدىيە «يار» نىڭ گۈزەللىكى، لىرىك «مەن» نىڭ ئۆز مەشۇقىغا بولغان سۆيگۈ ئىنتىزارلىقى، سېغىنىش، ھىجران قايغۇسى ۋە ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىشەنچ – ئۈمىدى بىلەن ئىرادە جاسارىتى، سەمىمىيەت، ۋاپادارلىق ھەم مۇددىئاسىنىڭ كەسكىنلىكى قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ياقتىن شائىر فېئودالىزمنىڭ چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ساختا كىشىلىك مۇناسىۋەت، مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغۇشنى پاش قىلىپ ئۇنى سۆكسە، يەنە بىر تەرەپتىن فېئوداللىق مەدەنىيەتتىكى سوفىزم تەركىي دۇنياچىلىقى، تەقدىرچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھاياتنى قەدىرلەش، مۇھەببەت ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شائىر «ئىشق» – مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلۇغلايدۇ.

كىمگە يەتكەي ئىشق دەردى داغىدىن ئافەت ئاڭا،
داغى مېھرى سەلتەنەتتۇر دەرد ئېرۇر سىھھەت ئاڭا.
ئىشق كويى تۇپراغى بىر كىمىيادۇر كىم، ئېرۇر،
يۈز قۇياش ئەكسەرىچە بەلكىم فۇزۇن قىممەت ساڭا.
ھەرخو بولغان تارىدۇر، ئەخلاق قەسرىگە كەمەند،
ئۆلكى بولسا ئىشق ئەسكى شالدىن كىشۋەت ئاڭا.
شەبىستانىمدا جام ئىچرە، يۈزىڭ ئەكس چىراغ ئولمىش.
چىراغىمنمۇ ۋە لېكىن جام زەرنى، بادەياغ بولمىش.

شۇڭلاشقا نەۋائىنىڭ لىرىك قەھرىمانى «يارنىڭ ئىشقى» غا ئۆزىنى مۇنداق بېغىشلايدۇ:

يەرگە تامغاچ ئەشكى ھايۋان مەشھەسى بولماس نېتاڭ،
قايسى كۆز ئىچرەكى يەر تۇتسا ئاياغىنىڭ تۇپراغى،
سۇرتسەم شۇئان كەفى پايىڭغا، كۆپ ۋەھىم ئەتمەكىم،
قىلمادى ئەفكار گۈل بەرگىنى بۇلبۇل تىرناغى.

شائىر نەۋائى لىرىك قەھرىمانىنىڭ يارىغا بولغان ئاشىقلىقى ھەم مۇھەببىتىگە ئەسىر بولغىنىنى تەسۋىرلىگىنىدە «يار» نىڭ تەبىئىي رېئال ھۆسىن - لاتاپەت گۈزەللىكىنى ئىنتايىن نېپىك ۋە كونكرېت، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ، ئىشىق غەۋغاسىغا سەۋەپ بولغان يار ئوبرازىنىڭ سېھرىي مەپتۇنكار گۈزەللىكىنى مەنىۋى گۈزەللىكى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئىنتايىن تەسىرلىك يارىتىدۇ.

ئۇن سەككىز مىڭ ئالەم ئاشۇبى ئانىڭ باشىندەدۇر،
نى ئەجەپ چۇن سەۋرى نازىم ئۇن سەككىز ياشىندەدۇر.
دېسە بولغايكىم يەنە ئۇن سەككىز يىل ھۆسنى بار،
ئۇن سەككىز ياشىندە مۇنچە فىتنە كىم باشىندەدۇر،
تا نەۋائى تۆكتى ئول ئاي فۇرقەتىدىن بەھرى، ئەشك،
ھەرقاچان باقساڭ قۇياش ئەكسى ئانىڭ ياشىندەدۇر.

بىز يۇقىرىدىكى تەھلىلىمىزدە دەپ ئۆتكەندەك، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېما، سۇژېت ۋە ئوبرازلىرىنىڭ ھېسسىيات، خاراكتېر پۇرىقى ھامان شۇ ئەدىپ - شائىرنىڭ ئۆز ھايات كەچۈرمىشلىرى، تەسىرات ئەسلىمىلىرى بىلەن ئىچكى باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇ شەخسىنىڭ تۇرمۇش كەچمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرمەي قالمايدۇ. لىرىك شېئىرلاردىكى لىرىك ئوبرازنىڭ مۇھەببەت كەچمىشى، ھاياتلىق يولىدىكى ھەسرەت، ھىجران ۋە ئويلىنىشىدا بۇ بەدىئىي تىپىكلەشكەن ئوبراز بولۇشىمۇ، ياكى شائىرنىڭ بىۋاستە ئۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن. نەۋائىنىڭ نۇرغۇنلىغان لىرىك شېئىرلىرىدىكى «ئىشىق» يولىغاكىرگەن ئاشىقنىڭ ھىجران قايغۇسى، جان پىدالىقى، ئازاب، كۆلپەت كۆز يېشىدىن نەۋائىنىڭ ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھەسرىتىنى كۆپرەك ھېس قىلىمىز. يارنىڭ گۈزەل قەددى - قامىتى، لاتاپىتى ۋە بۇ گۈزەل ھۆسىن بېشىغا كەلتۈرگەن رىيازەت، غەۋغالار بىلەن نەۋائىنىڭ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە شەيدا بولۇپ، ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغانلىقىغا ئوخشاش كۆپلىگەن شېئىرلىرى شەخسىي مۇھەببەت

تۇرمۇشى، نىكاھ ئىشىدىكى بىر مۇنچە كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلىرىدىن بېشارەت بېرىدۇ. نەۋائى-
نىڭ قەلىمىدىكى ئاشىق (لىرىك مەن) يارىنىڭ ئىشىق بالاسىغا مۇنداق مۇپتىلا ھەم مۇھتاج
بولىدۇ:

ۋەھكى بولدۇم ئىشىق ئارا بىر بىۋافاغە مۇپتىلا،
بولمىسۇن ئەھلى ۋەفا مۇنداق بەلاغە مۇپتىلا.
بولدى راكىس، نىتتى كۆڭلۈم ئۈيىدە قىلسە نۇزۇل،
تىغ ئىلە كىم تارتمىش ئازۇردە كۆكسىمنى يارىپ.
ئۆز ئۆزىگە تۆشمەكىن ھەم بىلمەي ئۆلگۇم كاشكى،
بارسا قەتىل ئەيلەپ مېنى جان مېھنەتتىن قۇتقازىپ.

نەۋائى ئىشىق ئەڭ نازۇك، ئەۋرىشىم، شۇنداقلا سىرلىق بىر ھېسسىيات، ئىنسان قەلبىنىڭ ئۆركىشى، بەزىدە پىنھان، بەزىدە ئاشكارە، گاھى يېقىملىق، گۈزەل، بەزىدە ھىجران ئازاب ھەم قايغۇ ئاتا قىلىدۇ، دەيدۇ. ھەمدە ئىشىقنى ھامان ئىنسان گۈزەللىكى بىلەن باغلاپ ئىنساننىڭ تەن ۋە روھىي گۈزەللىك ھالىتىنى خرىستىئان ۋە ئىسلام رىۋايەتلى-رىدىكى پەرىشتە، ئەۋلىيا، ھۆرلەر، ھەتتا پەيغەمبەرلەردىنمۇ يۇقىرى مەدھىيلەيدۇ. ئەمما ئىنسان روھى ئازاد بولمىغان ئوتتۇرا ئەسىردە ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى خار قىلىنغان، پۇل، ھوقۇق، ساختا چىرىك مۇناسىۋەت، ساختا ئېتىقاد، ساختا ئەخلاق قېلىپلىرى بىلەن تولغان مۇھىتتا، نەۋائىغا ئوخشاش چىن ئىنسانىي كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئادىمىي قەدىر - قىممەت، چىن مۇھەببەت، دوستلۇق، مېھرى - شەپقەت، سەممىمىي، ۋاپادارلىق، راستچىل خاراكتېر يېتىلدۈرگەن ۋە ئۇلۇغ كىشىلىك خاراكتېرلىك گۈزەل كىشىلەرنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇ خىل مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە ئىنسان، مۇھەببەت، ئەركىنلىك ۋە قەدىر قىممەتنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئىدى. نەۋائى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل ھالىتى نەۋائىنىڭ ھاياتىدا ئىنسان ۋە قەدىر - قىممەت ھەققىدىكى كۈچلۈك ئازاب ۋە تراگېدىيە ئېڭىنى كۈچەيتكەن، شائىر قەلبىدىكى بۇ ھىجران، بۇ ئازاب، بۇ ھەسرەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

كۆڭلۈم ھەجرىڭدە جەننەت گۈلشەنى زىندان ئېرۇر،
كۆزۈم سەنسىز گۈل نەخشان باغى خارنەفشان ئېرۇر.
دەفئە - دەفئە گۈل ئاچىلمايدۇر، گۈل ئەفشان باغدە،
كىم مېنىڭ گۈلگۈن ياشىمدە قەترە - قەترە قان ئېرۇر.
بەھرۇ تاغ ئەتمەك گۇمانىكىم، ئول بىرى كۆزۈمگە ياش،
بۇ بىرى كۆڭلۈمگە دەردۇ مېھنەتى ھىجران ئېرۇر.
قىلدى ئەشكىمنى شەفەقۇن ھەجر بىپايان تۈنى،
مەللەسىن جەك تاڭنىڭ ئەي گەردۇنكى قان بولغۇسىدۇر.

شائىر 15 - ئەسىر فېئودالىزم زۇلمىتى ۋە سوفىزمنىڭ تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيىسى يامرىغان مۇھىتتا، ئۆز ھاياتى، پائالىيەتلىرىدە باشتىن - ئاخىر ئىنساننىڭ گۈزەللىكى، ئەركىنلىكى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ئۇنى ھىمايە قىلىپ، بۇ يولدا قانچىلىك ئازاب، ھەسرەت چېكىشىدىن قەتئىينەزەر، باراۋەرلىك، ھەققىي رېئال مۇھەببەتكە جانپىدا-

لىق قىلىپ بۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىشكە بولغان ئۈمىدۋارلىق ھېسلىرىنى ئىپادىلىدى. شائىر مۇھەببەت تەسۋىرىگە ئىنساننىڭ ئىرقى، نەسەبى، ئېتىقادى، مىللىتىدىن ھالقىغان ئومۇمىي ئىنسانپەرۋەر مۇھەببەت ۋە باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى دەرىجە، تەبىقە، گۇرۇھ مۇناسىۋىتىنى پاش قىلىپ، مەسخىرە قىلىدۇ. چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە كىشىلىك قەدىر قىممىتىنى ئۇلۇغلاپ:

ئەي نەۋائى، ئول پەرى ئۆلتۈرسە ھەم ئازدۇر سېنى،
كىمكى ئىنساندۇر ئانىڭ مەھبۇبى ھەم ئىنسانكەرەك.
دېمە بۇئالەمدە ئول ئاي خوب يا جەننەتتە ھۆر،
كۆرمەمىشمەن ئانداغىن بارى ئېرۇر مۇنداغى خوب.
ھەمدەم بول ئەل ئىشقى بىرلەن ئاشنەلەرگە مۇدام،
ھەركىشى كۆڭلىدە ئەل ئىشقى يوق، ھەمدەم دېمە.
مەست بول ئەل مۇددىئاسى يارى بىرلە ھەرنەفەس،
ئالدىن ئايرۇ جامى جەم تاپقاندا جامى جام دېمە.

دەيدۇ. ئەلشىر نەۋائى ئەينى چاغدىكى ھاكىمىيەت ۋە ئائىلە سەرگۈزەشتىلىرى تۈپەيلىدىن شەخسىي مۇھەببەت مەسىلىلىرىدە ئارمانغا يېتەلمايلا قالماي، سىياسىي پائالىيەت ۋە ئىجادىيەت مۇساپىلىرىدىمۇ تاشقى ۋە مەنىۋى بېسىم، توسقۇنلارغا ئىزچىل ئۇچراپ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېگەن ئىدى. شۇڭا لىرىكىلىرىدا شەخسىي مۇھەببەت كەچمىش ئەسلىمىلىرىنى ئاساس قىلىپ ئەڭ گۈزەل، ئالىيجاناپ ھېسسىيات سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكى، ھاياتىي كۈچى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىرادە، ۋاپادارلىقنى ئىپادىلىگەندە، بارا - بارا كونكرېت مۇھەببەتتىن ئىجتىمائىي ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە، ئىنسانغا ھەم ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەركىنلىكى، ھاياتى، بەخت، تەقدىرىگە بولغان مۇھەببەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

پۈتكۈل ھاياتىدا خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادەت مەسىلىسىگە باش قاتۇرغان ئىنسانپەرۋەر شائىر ئۆزىنىڭ بارلىق ھەسرەت، ئاغرىنىشى، غەزەپ ۋە قارشىلىق ھېسسىياتىنى ئاخىر ھۈسەيىن بايقارانىڭ چىرىك ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە، ئەخلاقى بۇزۇلغان، ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتى خارلانغان جەمئىيەتكە بىۋاستە تاقاپ بۇ جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيىتى، سىياسىتى ۋە مەنىۋى روھىيىتىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ ھەم تەنقىد قىلىدۇ. شائىر بىر مۇنچىلىغان لىرىك شېئىرلىرىدا مۇھەببەت تېمىسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنساننى سۆيۈش، خەلقچىللىق، ئادالەتلىك جەمئىيەت ۋە شەرقچە غايىۋى دۆلەت ئۇتوپىيىسىگە قەدەر كېڭەيتىپ، مۇھەببەت تېمىسىنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىستېتىك مەزمۇن قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. مۇھەببەت ئارقىلىق ئازاب ئېڭى ۋەھايات تراگېدىيىسى روھىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. «خەمسە» داستانلىرىدا شائىر ئۆز پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىستېتىك ئىدىيىسىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئىپادىلەپ، مۇھەببەت، ئەخلاق ۋە تارىخ تراگېدىيىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان ۋە ئىلاھىيەت بىر گەۋدىلەشكەن ئىجتىمائىي ئىستېتىك ئىدىيە سېستىمىسىنى ياراتتى ھەمدە بۇ ئارقىلىق كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت روھىيىتى بىلەن كىشىلىك ھاياتىنىڭ تراگېدىيىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلىپ بەردى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، دوتسېنت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى ئاياللار ئوبرازى ھەققىدە قىسقىچە بايان

## ئايگۈل مۇھەممەد

خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات مابەينىدە كۆپلىگەن كلاسسىك ئەسەرلەرنى روياپقا چىقارغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، ئوبراز قاتلىمى چوڭقۇر بولۇپ، نۇرغۇن ئوبرازلار قاتارىدا ئاياللار ئوبرازىغىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلگەن. بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، مەشھۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، ئۇلۇغ ئەدىب، ئەلشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قىممىتى، ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مۇپەسسەل قاراشلارنى زامانىمىز ئاياللىرى ئۈچۈن قىبلىنامە قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى تۆپ قاراشلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىماقچىمەن.

### 1. ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى ھەققىدىكى قاراش

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەردە ئەينى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ نىكاھ - ئائىلە ۋە پەرزەنت تەربىيىسى جەھەتلەردىكى ئورنى، قىممىتىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن:

ئانىسى ھىيلىگەر يوپقا يايار، ئوغلى زىرەك قوشلاپ ئالار (3 - توم، 43 - بەت).

دېمەك، ئانا ئۆتكۈر، زىرەك بولسا، ئۇ تەربىيىلىگەن بالىمۇ زىرەك، ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ زىرەك، ئۆتكۈر، ئەقىللىق بالىنى تەربىيىلىگەن ئانىنىڭ ھەر تەرەپتىن ئامەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئائىلىسىگە ۋاپادار، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش پوزىتسىيىسىگە ئىگە بولغان ئاياللارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى، پەزىلىتى ھەققىدە ھەر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلانغان «خەمسە» داستانىدا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىنتايىن تۆۋەن ئورنىدىن نارازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان تەقدىر - قىسمەتلىرىگە ئېچىنىدۇ. شۇنداقلا ئاياللارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى چېكىدىن ئاشقان قائىدە تۈزۈملەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى بىلەن ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشىنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدۇ.

«سەبئەئى سەييار» داستانىدا نەۋائىي دىلئارام ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تۇرمۇشتا بەخت ۋە قەدىر - قىممەتنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلمىگەن، بەخت ۋە قەدىر - قىممەتكە ئېرىشىشنىڭ توغرا يولىنى بىلمەيدىغان ساددا ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كلاسسىكلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاياللار ئوبرازىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشنى، چۈشىنىشنى، ئۇلارنى ھۆرمەت - ئېتىبارغا ئېلىشنى، كىشىلىك ھاياتتىكى رولىغا سەل قارىماسلىقنى ئارزۇ قىلغان.

### 2. ئاياللارنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى ھەققىدىكى قاراش

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئاياللار ئۈچۈن ئائىلە قۇرۇش-

تىكى ئالدىنقى شەرت گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ئىكەنلىكىنى، پاك - سەممىي بولۇش بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى، ئەڭ مۇھىمى، ئاياللارنىڭ ھامان ئېتىبارغا ئېلىنىپ، تېگىشلىك بەختلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ «تۆشۈك ئۈنچە يەردە قالماس» (3 - توم، 38 - بەت)، «بۆك - باراقسان سۆگەتكە قۇش كېلەر، قىزغا سۆز كېلەر» (1 - توم، 419 - بەت) دېگەن ماقال - تەمسىلنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئاياللارغا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئەرلەرنىڭ ئۆيلىنىشىدىكى زۆرۈر شەرت سۈپىتىدە جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

4475. «ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،
تاللىۋال خىلىنى، ئىتتىك قىل كۆزۈڭ»
4476. «تېگى ياخشى بولسۇن تۇخۇم ھەم ئۇرۇق،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىغ».
4477. «تىرىش، ئۆي قىزىنى ئال قول تەگمىگەن،
سېنىڭدىن بۆلەك ئەر يۈزى كۆرمىگەن».
4478. «سېنىلا سۆيۈپ، باشقىنى بىلمىگەي،
يارامسىز، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي».

نەۋائىي ياراتقان «لەيلى» ۋە «شىرىن» ئوبرازلىرىدا ئاياللارنىڭ ساداقىتى، ۋاپادارلىقى، دادىل قارشىلىق كۆرستىش روھى قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ نەۋائىينىڭ يىرىك ئەسىرى «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا ئاياللارنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى مەدھىيىلىنىپ، ئاياللار «ئۆينىڭ زىننىتى»، «دۆلەت، جەمئىيەتنىڭ تىرىكى»، «تۇرمۇشنى سەرەمجانلاشتۇرغۇچى»، «قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا ئۆز ھەمرىيى بىلەن بىللە بولغۇچىلار» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

### 3. ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى ھەققىدىكى قاراش

كلاسسىكلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاياللارنىڭ گۈزەل ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلىگۈچىدىن ئىبارەت مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئەدەپسىزدىن قۇت چەرىلۇر»، «مۇزدىن سۇ تامار» (3 - توم، 169 - بەت)، «ئۆي بولىدىغان كالا مۇزاي چېغىدىن بەلگىلىك» (1 - توم، 684 - بەت) «مۇشۇك بالىسى مىياڭلاپ تۇغۇلۇر» (2 - توم، 18 - بەت) دەپ يازغان بولسا، ئۇلۇغ پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئوغۇل قىزغا ئۆگەت بىلىم ۋە ئەدەپ، بېرىدۇ بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيا نېپ» دەپ يازىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم «مېھرىبانۇ» نەۋائىي ئىجادىيىتىدىكى يۈكسەك كامالەتكە يەتكەن، مەملىكەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى ئادالەتلىك غايىۋى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇ ئەسەردە ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇنى قوللايدىغان، ئاۋامنىڭ بىلىملىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ئىستەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر شەخس. ئۇ شىرىننى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئائىلىدە مەكتەپ ئاچتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى بىلىملىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەتتە يېتىشكەن تالانتلىق ئىز باسار قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

يۇقىرىقى قاراشلاردىن شۇنى تونۇپ يېتىمىزكى، ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەل، لاتاپەتلىك، نومۇسچان لاياقەتلىك ئاياللار. ئۇلار مىللەتنىڭ ئىپتىخارى، ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى دۇنياغا تونۇتىدۇ. ئەۋلادلارنى كۈچلۈك ئىرادە، جەسۇرانە روھ بىلەن تەربىيىلەپ، ساپالىق ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قەيسەر، ئىجادچان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مەدەنىيەت - سەنئەت باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدىن)

www.uyghurkitap.com

# زۇلمەت ئىچىدە نۇر[1]

(ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە قىسسە)

مىركەرىم ئاسىم

## سېھىرلىك سۆز

ھىرات شەھىرىدە زەيىنىددىن دېگەن بىر بالا بار ئىدى. ئۇ ئۆتكۈر، تىرىشچان بولغىنى ئۈچۈن مەكتەپكە كىرىپلا تېزلىكتە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى، نەۋائىنىڭ ئەڭ يېقىن سۆھبەتداشلىرىدىن بىرى بولغان ساھىبدارا ئۇلارنىڭكىگە پات - پات كېلىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم تۈركىي ياكى پارس شائىرلىرىنىڭ بىرەر كىتابىنى ئېلىپ كېلىپ، زەيىنىددىندە شېئىر ۋە ئەدەبىياتقا ھەۋەس ئويغىتىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

زەيىنىددىن قولىغا ئالغان كىتابنى ئوقۇپ بولمىغۇچە قولدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ ئۇن ئىككى يېشىدىلا ھاپىز، سەئدى، لۇتفى، نەۋائىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادلىۋالغانىدى.

ئۇ ساھىبدارانىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى، چۈنكى ساھىبدارا كۆپ مۇتالىئە قىلغان كىشى بولۇپ، بۇرۇنقى ماشايىخلار، شائىرلارنىڭ ھاياتىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇلار توغرىسىدا قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ھەر قېتىمقى ئولتۇرۇشتا نەۋائىنىڭ سۆھبىتىدە كىملەرنىڭ بولغانلىقى، كىملەر ئۆز شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكى، نەۋائىنىڭ بەرگەن باھاسى ۋە باشقىلارنى ھېكايە قىلاتتى.

— ئەلىشىر جانابلىرى ئەقىللىق، زېرەك، كۆپ مۇتالىئە قىلغان ياشلارغا ھامىي، مۇئەممما ۋە تارىخ بىلىدىغان ئادەملەرگە ئىخلاسمەن ئىدى. كىتاب ئوقۇمايدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيتتى، — دەيتتى ئۇ.

زەيىنىددىن نەۋائىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن كىتابنى كۆپ ئوقۇيتتى. مۇئەممما (شېئىرىي تېپىشماق) ۋە بىرەر تارىخىي ۋەقە قاچان سادىر بولغانلىقىنى ھەرپلەر ۋاستىسى بىلەن ئىپادە قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تاشقارقى ھويلىسىدا خاجەزادە دېگەن تەبرىزلىك بىر كىشى تۇراتتى. ئۇ ئەرەب ۋە ئىران شائىرلىرىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى يادقا بىلەتتى. تارىخ ۋە ئىلمىي مۇئەممادىن خەۋەردار ئىدى. زەيىنىددىن ئۇنىڭدىن ئەرەب تىلى، مۇئەممما ۋە تارىخ ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئۇستازىنىمۇ تېزلا ھەيران قالدۇردى.

بىر كۈنى ساھىبدارا بىلەن خاجەزادە مېھمانخانىدا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى، زەيىنىددىن پەگادا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. سۇ ئايلىنىپ ئېرىقنى تاپقاندەك، سۆز ئايلىنىپ، مۇئەممما ۋە تارىخ ماۋزۇسىغا كېلىپ تاقالدى. ساھىبدارا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ باپتىكى ماھارىتىنى ماختاپ، تۆۋەندىكى ۋەقەنى ھېكايە قىلدى: پادىشاھ ھەزرەتلىرى خۇراسان

[1] بېشى 2005 - يىللىق 4 - ساندا.

تەختىگە چىققاندىن كېيىن «باغى جاھان ئارا» نى ئاۋات قىلىشقا بەل باغلىدى. ئەتىيازنىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى مىر ئەلشىر مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى بىلەن گۇزۇرگاھدىن چولڭ كوچىغا ماڭغانىكەن. باغۋەن سەييد غىياس باشقىلارنىڭ بېغىدىن سەرۋى دەرىخى كۆچىتىنى ئېلىپ، ھارۋىغا بېسىپ كېلىۋاتقانىكەن. باغۋەن ھەزرەتلىرىنى كۆرۈپ، سالام بېرىپتۇ. مەۋلانە جامى ئىلىك ئېلىپ، سوراپتۇ: «باغلاردا سەرۋى دەرىخى قالدىمۇ؟ ھارۋىدا قانچە تۈپ كۆچەت بار؟» باغۋەن دەپتۇ: «باغلاردا سەرۋى دەرەخ كۆپ. ھارۋىدا بىر يۈز تۆت تۈپ سەرۋ بار.» ئۇلار دەپتۇ، بۇ ئەجەپ بىر سان ئىكەن. نەۋائى دەپتۇكى، مۇناسىپ ساندۇر، نېمىشقىكى، «قەد» سانى بىلەن مۇناسىپتۇر. مەۋلانە جامى تەھسىن ئوقۇپتۇ.

ساھىبدارانىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان زەينىددىن خۇشال بولۇپ، بىردىن توۋلىۋەتتى:

— قايىلمەن، قەد سۆزى سەرۋى دەرەخلىرىنىڭ سانىنى بىلدۈرۈپتۇ... ئەرەبچە «ق» ھەرىپى - 100، «د» ھەرىپى - 4 ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. مەۋلانە ساھىبدارا جىيەنىنىڭ «ئەبجەد» ھېسابىنى ياخشى ئۆگىنىپ ئالغانلىقىنى، پەم - پاراستى ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈپ تېرىسىگە پاتماي قالدى.

بىر كۈنى زەينىددىن ئاتىسى بىلەن ساھىبدارانىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىشتى. مەۋلانەنىڭ مېھمانخانىسى دائىم پەزىلەت ئەھلى بىلەن تولاتتى. ئۇلار ئۆي ئىگىسىنىڭ دەستخىنى ئۈچۈن ئەمەس، شىرىن ۋە ئاقىلانە سۆھبىتى ئۈچۈن، قەدىمكى شائىر ۋە فازىل ئادەملەر ھەققىدىكى ھېكايەتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كېلەتتى. ساھىبدارا كۆزگە كۆرۈنگەن پارسگوي شائىرلاردىن بىرى بولۇپ، ياش قەلەمكەشلەرنى ئۆز مەسلىھەتى بىلەن بەھرىمەن قىلىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا تەنقىدى مۇلاھىزىلەرگە تەشنا بولغان ياش شائىرلار ئۇنىڭكىدىن خالى بولمايتتى.

مۇشائىرە ۋە تاماقتىن كېيىن مېھمانلار ئۇ يەر - بۇ يەردىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى. پەگادىن ئورۇن ئالغان ياپىلاق يۈزلۈك بىر مېھمان ساھىبدارىغا يۈزلىنىپ:

— مەۋلانە، جىيەنىڭىز زەينىددىن، ھەرقانداق مۇئەممانى يېشىپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانمەن، ئۇ راستمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— راست، بۇ باپتا زەينىددىن ماھارەت ساھىبى بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، رۇخسەت قىلىڭ، مەن بىر سىناپ باقاي.

— مەرھەمەت، — ساھىبدارا زەينىددىنگە، قورقما، دادىل بول، دېگەندەك قىلىپ قاراپ قويدى.

— خوش، ئەمىسە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى ياپىلاق يۈزلۈك مېھمان، — بۇ مۇئەممادىن قانداق مەنا چىقىدۇ؟

بوۋام بېلىدە دۇدۇك،
بىزمۇ مۇئەمما دېدۇك.

زەينىددىن قاپىقىنى تۈرۈپ، ئىچىدە بىر نېمىنى ھېسابلاۋاتقاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلەتىپ تۇردى - دە، بىردىنلا: «جۇنەيد» — دەۋەتتى.

— بارىكاللا! — دېدى مېھمان، — خۇش، قانداق تاپتىڭىز؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— بۇۋام سۆزنىڭ ئەرەبچىسى - جەد، دۇدۇكنىڭ مەنىدىشى - نەي، «ج» بىلەن «د» ھەرپلىرى ئوتتۇرىسىدا، يەنى بىلىدە «نەي» سۆزى بولغاندىن كېيىن «جنەيد» (جۇنەيد) دېگەن سۆز چىقىدۇ - دە!

— ھۇششەررە، مەۋلانىنىڭ دەۋالىرى ئىسپاتلاندى، — دەۋەتتى ھەممەيلەن.

مېھمانلارنىڭ تەئەججۇپلىنىشلىرى ئورۇنلۇق ئىدى، چۈنكى ئادەتتە مۇئەممىنى ئېيتقان كىشى، ئۇنىڭدىن كىمنىڭ نامى چىقىشنى بىلدۈرۈش كېرەك، مۇئەممانى تاپىدىغان كىشى بولسا بۇ نامنىڭ قانداق يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشى لازىم ئىدى. ئەمما نەۋائى ھەرقانداق مۇئەممانى نامسىز تاپالايتتى.

بىر كۈنى ساھىبدارا نەۋائى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، زەيىنىددىن توغرىسىدا گەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ مۇئەمما بابىدىكى ماھارىتىنى ماختىدى.

نەۋائى زوقلىنىپ:

— ئون ئالتە ياشتا دېدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەجەبلىنىپ، — بۇ ياشتىكى باللار بۇرنىنى تارتىپ يۈرىدۇ. ئەجەبا! نامسىز مۇئەممانى تېپىش ئۈچۈن پارس، تۈركىي تىللارنى بىلىش، ئەرەب تىلى بىلەن تونۇش بولۇش كېرەك. نېمىشقا ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ مەن ۋۇجۇدى ئەقىل - پاراسەت پانۇسى بىلەن يورۇتۇلغان ئون ئالتە ياشلىق ئىنساننى كۆرۈشنى خالايتتىم. ئەتە كەچتە باشلاپ كېلىڭ.

ساھىبدارا زەيىنىددىننى ماختاپ قويىدى، ئەمما قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان يېدى: «ناۋادا، بالا نەۋائى ھوزۇرىدا ھودۇقۇپ، سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي، مېنى ئىزاغا قويسا قانداق بولار؟» — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىدىن خاپا بولۇپ. ئەمما ئېيتىلغان سۆز، ئېتىلغان ئوق، ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. كەچتە ئۇ زەيىنىددىنلەرنىڭكىگە بېرىپ، نەۋائىنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى:

— ئەتە كەچتە زەيىنىددىن مېنىڭ قېشىمغا بارسۇن، بىللە مىرنىڭكىگە بارغايمىز.

— بىكار ماختاپ قويۇپسىز، بالا ئىزا تارتىپ، بېرىلگەن مۇئەممانى يېشەلمەي قالسا قانداق بولىدۇ. ئىشنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى زەيىنىددىننىڭ ئاتىسى تەشۋىشلىنىپ ۋە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— قورقماڭ، زەيىنىددىن ھەم ئەقىللىق، ھەم يۈرەكلىك يىگىت. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەلىشىر تولىمۇ سىلىق ۋە نازاكەتلىكتۇركى، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا ھودۇقۇپ كەتمەيدۇ. شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ بىرەر ياش يىگىتنى قىيىن بىر سوئال بىلەن مات قىلىپ، ئىزا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەنسىرىمەڭ، يۈزۈمىز يورۇق بولغاي.

— ئىلاھىم، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن.

زەيىنىددىن دەسلەپتە ئازراق ھاياجانلاندى - دە، ساھىبدارانىڭ سۆزىدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتىۋالدى، كېچىسى تىنچ ئۇخلىدى.

نەۋائىنىڭ مېھمانخانىسى ھەر دائىمقىدەك ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرى: شائىرلار، سازەندىلەر بىلەن تولغانىدى. زەيىنىددىن ساھىبدارانىڭ كەينىدىن كىرىپ سالام بەرگەندە، ئەلىشىر كۈلۈپ، دوستلىرىغا بىر نەرسىنى ھېكايە قىلىۋاتقانىدى.

— ھە، كېلىڭ، مەۋلانە، ئازراق كېچىكتىڭىز. بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ ھە، تۈنۈگۈن ئېيتقان تۇققىنىڭىز ... زەيىنىددىنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن.

ئۇچلۇق دوپپا ئۈستىدىن شايى سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا ھېيتتىلا كىيىدىغان كۆك شايى

تۇنجى كىيگەن زەينىددىن تەۋازۇ بىلەن پەگادىن ئورۇن ئالدى.

نەۋائى دوستلىرىغا زەينىددىننى تەرىپلىدى:

— نامى ئېيتىلمىسىمۇ، خالىغان مۇئەممانى يېشىشنى بىلىدۇ بۇ يىگىت، — دېدى.

— ھېچبىر ئادەم ئىلمىي مۇئەممادا سىز بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ، — دېدى شائىر بەدەخشى.

— بۇ بابتا ماڭا تەڭ كېلىدىغان يىگىتلەر بار ئىكەن، — دېدى نەۋائى زەينىددىنگە مەدەت بېرىپ. ئۇ بەدەخشىنىڭ بۇ ئورۇنسىز سۆزىدىن رەنجىگەنىدى. «نېمە قىلغىنى، ياشلارنىڭ بېشىغا سوغاق سۇ قۇيۇپ. ئەسلىدىمۇ ئۇ مەشھۇر ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ، تەمتىرەپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، چىرايىمۇ تاتارغان. ئۇنى ھەۋىسى ھۇدۇقتۇردى. يېشىمى تەس مۇئەمما بىلەن ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويماي»، دەپ ئويلىغان نەۋائى «ئۆمەر» نامى يوشۇرۇنغان ئاسانراق بىر مۇئەممانى يېشىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى چاقنىغان يىگىتكە مۇلايىمغىنە قاراپ دېدى:

ئېيتىم چىقسۇن دېسەڭ قىلغىل ئىمارەت.
ئىمارەتنى بۇزۇپ، نامىڭ چىقارغىن.

زەينىددىن بۇ مۇئەممانى بىلەتتى. بىردەم ئۆزىنى بىلمەسلىككە سېلىپ: «ئىمارەتنى بۇزۇپ، ئاتنى چىقارغىن، دېدىڭىز، ئىمارەت سۆزىدىن «ئا» ۋە «ت» ھەرىپى چىقىرىپ تاشلانسا، ئەين، مىم، ر ھەرىپلىرى قالار»، دەپ جاۋاب بەرمەكچىمۇ بولدى، لېكىن نەۋائىدەك ئادەمنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەشنى ئەپ كۆرمەي، شائىرنىڭ كۆزىگە قاراپ راستىنى ئېيتتى:

— مەن بۇ مۇئەممىنى بىلەتتىم، باشقىنى ئېيتسىلا.

— بولدى، بولدى، بىلىدىغانلىقىڭىزنى كۆزىڭىزدىن بىلىپ تۇرىمەن، سىناپ بېقىشقا ھاجەت قالمىدى. ساھىبدارانىڭ دەۋاسىنى قوبۇل قىلدۇق، — شۇنداق دەپ نەۋائى زەينىددىنلەر كېلىشتىن بۇرۇن باشلىغان ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، ئەشۇ ناسىر ئىسىملىك بوياقچى يىگىتنى يانا ئالدىمغا كەلتۈردى. مەن دېدىم: «ساڭا رەھىم قىلىپ ئىككى قېتىم قويۇۋەتكەنىدىم. يانا جىنايەت سادىر قىلىپسەن. يېتىملىكىڭنى[1] قويامسەن، قويمامسەن؟» ناسىر بوياقچى تەزىم قىلىپ: يېتىملەرگە شەپقەت قىلىش پەرزدۇر، چۈنكى، خۇدانىڭ ئۆزى ئېيتتىكى: ‹ۋەئەممەل ئەلىيەتىمە فىلتەقھىر!› يەنى يېتىملەرگە قەھر قىلماڭ!» دېدى. مەن ئۇ يىگىتنىڭ ھازىر جاۋابلىقىنى ۋە بىلىملىكلىكىگە قايىل بولدۇم ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى سۇلتانى ساھىبقىراندىن تىلىۋالدىم. بۇ ۋەقەگە توپتوغرا يىگىرمە يىل بولدى.

«دېمەك، ھىجرىيىنىڭ 880 - يىلى بولغان» دەپ ئويلىدى زەينىددىن ۋە بىر نەرسىنى ساناۋاتقاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، قاشلىرىنى يىمىرىپ ئولتۇردى - دە، نەۋائىغا يۈزلەندى:

— بىر سۆز ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىڭ! — شائىر كۈلۈپ باش لىڭشىتقاندىن كېيىن بىرىنچى سۆزگە ئورغۇ بېرىپ دېدى: — شەپقەت قىلىپسىز.

نەۋائى قاپىقىنى تۈرۈپ، ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى ھېسابلىدى - دە، بىردىن ئېچىلىپ

[1] نەۋائى زامانىدا شۇم، تەنتەك بالىلارنى شۇنداق ئاتىشاتتى.

كېتىپ: «باركاللا»، دەۋەتتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، كونا ئەرەب ئىملاسى بىلەن يېزىلغان «شەپقەت» سۆزىدىكى تۆت ھەرپنى سانغا ئايلاندۇرغاندا 880، يەنى نەۋائى ناسىر بۇياقچىغا رەھىم قىلىپ، قويۇۋەتكەن يىل چىقاتتى. نەۋائىنىڭ سۆھبىتىدىكى باشقا مېھمانلارمۇ ئىلگىرى - كېيىن بۇ سېھىرلىك سۆزنىڭ رىيازىي① مەنىسىنى چىقىرىپ:

— باركاللا! — دېيىشتى.

## خۇراسان زۇلمەت قوينىدا

تاملىرى ئۇۋ ۋە جەڭ مەنزىرىلىرى بىلەن بېزەلگەن بېزەكلىك «سالامخانە»دە ئەركانى دەۋلەت يىغىلغان. سەككىز قىرلىق ئالتۇن تەخت ئۈستىدە قاپاقلىرى سېلىنغان، يۈز كۆشلىرى ساڭگىلىغان، چېچىغا ئاق ئارىلىغان ھۈسەيىن بايقارا ھەيۋەتلىك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بەرلاس ۋە ئەرلات قەبىلە ئاقساقاللىرى، سەركەردىلەر، ئوڭ تەرىپىدە بولسا ئەلىشىر نەۋائى، باش ۋەزىر نىزامۇلمۇلك، ئىشىك ئاغىسى مۇھەممەد ۋەلىبەگ ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئولتۇرۇشاتتى. ھەممىنىڭ يۈزىدىن مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىنىڭ جىددىلىكى سېزىلىپ تۇراتتى.

سۇلتان ھۈسەيىن بەلخ شەھىرىدە ھاكىم بولۇپ تۇرغان تۇنجى ئوغلى بەدىئۇززامانىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى قانداق تەدبىر كۆرۈش توغرىسىدا ئەمەلدارلاردىن مەسلىھەت سورىدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— ئارزۇلاپ ئۆستۈرگەن ئوغلىمىز يۈزىمىزگە دەسسەپ، ناماز جۈمەدە خۇتبەنى ئۆز نامىغا ئوقۇتۇپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

«شاھزادە ئەگەر خۇتبەنى ئۆز نامىغا ئوقۇتقان بولسا، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىپتۇ - دە» دېگەن پىكىر ئۆتتى كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىن.

— قېنى، سۆزنى باش ۋەزىردىن ئاڭلايلى، — دېدى سۇلتان ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

بېشىغا نەۋرۇزى يېشىل كۇلاھ، ئۈچىسىغا تىللا دوزى چاپان كىيگەن قامەتلىك نىزامۇلمۇلك سۆزنى يىراقتىن باشلىدى. مەملىكەت ئەمدىلا تىنچلانغان ۋاقىتتا بۇ ئېچىنىشلىق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى باشقا بىقارار بەگلەرنىمۇ قوزغىتىشى ۋە دۆلەت مالىيىسىگە چوڭ زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ، خەزىنىدە ئاران ئىككى مىڭ تۈمەن ئاقچا قالغانلىقىنى، ئەگەر زۆرۈر بولسا، كېلەركى يىلنىڭ سېلىقىنى خەلقتىن ئۇندۇرۇۋېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىلاننىڭ پوتىنى يالىغان ۋەزىر ئۆزىنى تۈلكىدەك ھەر مۇقامغا سالاتتى، ئۆز مەقسىدىنى ئۇدۇللا دېيىشكە پېتىنالماي، سۆزنى ئايلاندۇراتتى.

— پىكىرىڭىزنى ئوچۇقراق ئېيتىڭ، — دېدى ھۈسەيىن بىتاقەت بولۇپ.

— پىكرىم شۇكى ... ھىم ... ئەگەر ماجىرا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنسا ياخشى. ناۋادا سىياسەت قىلىچىنى رىياسەت غىلاپىدىن سۇغۇرۇشقا توغرا كەلسە، مەن مەبلەغ يىغىپ بېرىمەن ...

سەركەردىلەردىن جاھانگىر بەرلاس دەرھاللا بەلخقا يۈرۈش قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

---

① ماتېماتىكا.

— ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، دەرھال لەشكەر باشلاپ بېرىش زۆرۈر، — دېدى ئۇ ئۆتۈكمىنىڭ قونچىغا ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ، — مېنىڭ ئاتلىق قوشۇنۇم مۇرغاب دەرياسى بويىدا تەييار تۇرىدۇ. ئەگەر پەرمانى ئالىي بولسا، قويۇندەك ئۇچۇپ بېرىپ، بەلخنى قورشاپ ئالىمەن. زاتى ئالىنىڭ ئۆزلىرى بىر تۈمەن ئەسكەر بىلەن يېتىپ بارغۇچە قەلئەنى قوغداپ تۇرىمەن. بۇ ۋاقىتتا مۇزەففەر مىرزا بىلەن مۇھەممەد ئاستراباتنى ئىشغال قىلىپ بولغان بولىدۇ...

قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى. جىلتكە تۆپىسىگە پارقىراق ساۋۇت، بېشىغا پولات دۇبۇلغا كىيىۋالغان جاھانگىر بەرلاس قاشلىرىنى مەغرۇرانە تۈرۈپ، ئەتراپىغا سەپ سېلىپ قارىدى.

رەسمىي مەنسەپ ئىگىسى بولمىغان نەۋائى بېشىغا سىمابى سەللە، ئۈچىسىغا كۆك مۇۋۇت چاپان كىيىۋالغانىدى. جاھانگىر بارلاسنىڭ سۆزىدىن كېيىن توڭغاندەك، ئالدىدىكى ئاتەشداندا قىزىرىپ تۇرغان چوغقا قولىنى تۇتتى.

— مىرزام، قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇشقا تېخى ۋاقىت بۇرۇنراق، — دېدى ئۇ ئاستا. نەۋائى ناھايىتى ئاستا سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ھەممە ئاڭلىغانىدى، — مىرزام، ئىنىزانى سۇلھ يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك.

سۇلتاننىڭ پېشانىسى پۈرۈشۈپ كەتتى.

— ئۆزۈڭىزمۇ خەۋەردارسىز، خوجا دېھدارنى بەلخقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتىم، — دېدى ئۇ نەۋائىغا تىكىلىپ قاراپ، — مەنمۇ ماجرانى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلماقچى بولدۇم. ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ شۇنداق تەجرىبىلىك ۋە ئاقىل ئەلچى ھېچ ئىش چىقىرالماي، قۇرۇق قايتتى. بەدىئۈززامان بىزنىڭ شەرتىمىزگە ئۇنىماپتۇ. ئاستراباتنى مۇزەففەر مىرزىغا بەرمەيمەن. بەلخمۇ، ئاستراباتمۇ مېنىڭكى، دەپتۇ. بەس، سۇلھ يولى توسالدى...

— ئەمەلدارلار باش لىڭشىتىپ: «شۇنداق، تەقسىر، سۇلھ يولى توسالدى» دەپ پادىشاھنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى.

— مىرزام، يانا بىر قېتىم ھەرىكەت قىلىپ باقايلى، — دېدى نەۋائى تەزىم بىلەن، — بۇ قېتىم كەمىنىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىڭ. مەن ھەرھالدا، بەدىئۈززاماننىڭ ئۇستازىمەن. سۆزۈمنى يەردە قويماس.

سۇلتان شائىرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، سوكۇتكە چۆمدى: «بۇ يەردە بولۇۋاتقان سۆزلەر ئەتە پۈتۈن خالايىققا مەلۇم بولغۇسى. ئەگەر ھازىر نەۋائىنىڭ پىكرىنى رەت قىلسام، ھەممە، پادىشاھ ئەلىشىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ئۇرۇش باشلىماقچى، مىڭ لەنەت، دەيدۇ» ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

— مەيلى، سىز ئەلچى بولۇپ بېرىڭ، — دېدى پادىشاھ قاشلىرىنى يىمىرىپ، — ئەگەر ئوغلىمىز ئىتائەت قىلسا، بىزمۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرەرمىز. ئەمما لېكىن شەرتلىرىمىزگە كۆنمىسە ... — ئۇنىڭ يۈزى قەھرلىك تۈس ئالدى، — ئۆزىدىن كۆرسۇن.

دەرۋىشئەلىنىڭ پىتنىسىدىن كېيىن بەلخ ھاكىمى يانا ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا سۇلتان بەلختىكى ئىسيان ئوتىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئاستراباتتا ھاكىم بولۇپ تۇرغان ئوغلى بەدىئۈززاماننى ياردەمگە چاقىردى. بەدىئۈززامان بولسا، ئەمدى ئون ئىككىگە قەدەم باسقان ئوغلى مۆمىن مىرزىنى ئاستراباتتا قالدۇرۇپ، بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن ھىراتقا

يېتىپ كەلدى ۋە ئاتا - بالا بىرلىشىپ، بەلخ ئىسيانىنى باستۇردى.[1]

ھۈسەيىن بايقارا بەدىئۈززاماننى بەلختە قالدۇرۇپ، ئۆزى ھىراتقا ياندى. سۇلتانىنىڭ مەقسىتى باي ئاستراباتى شەھىرىنى كىچىك خوتۇنىدىن بولغان مۇزەففەر مىرزىغا ئېلىپ بېرىش ئىدى. بىراق، بەدىئۈززامان ئاستراباتنى ئۆگەي ئۇكىسىغا بېرىشنى خالىماي ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، بەلختە ئىسيان كۆتۈردى ۋە ئاستراباتتا قالغان ئوغلى مۆمىن مىرزىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ: «ئاستراباتنى بەرمە، ئەگەر مۇزەففەر مىرزا باستۇرۇپ كىرسە، قورال بىلەن قارشىلىق كۆرسەت»، دەپ تاپشۇردى.

نەۋائى بەلختقا ماڭغاندىن كېيىن، ئۇرۇش باشلاپ، بەدىئۈززامان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى توپلىغان بايلىقلارنى قولغا كىرگۈزۈش كويىدا يۈرگەن ئاچكۆز سەردارلار بىئارام بولۇپ قېلىشتى، بولۇپمۇ جاھانگىر بەرلاس پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ قالغانىدى. ئۇ بار ۋەسلىنى قىمارغا تىكىپ، ئولجا خۇمار بولۇپ قالغانىدى. نەۋائى بەلختقا ماڭمىدىغان كۈنلا ئۇ ئۆز مەسلەكدىشى نىزامۇلمۇلكنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىردى. ئىشكنى ئىچىدىن چىڭ ئېتىۋېلىپ، ئۆز دەردىنى ئاشكارە سۆزلىدى:

— ئەلىشىر بەگ ئىشنىڭ بىلىگە تېپىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئەگەر ئۇرۇش بولمىسا ھالىم خاراب، يېنىمدا بىر دىرەممۇ قالمىدى.

— پۇلىڭىز بولمىسا قەرز بېرىپ تۇراي، — دېدى ۋەزىر ئاستا.

— شۇنداقتىمۇ، كانىيىمغىچە قەرزگە پاتقانمەن، ھەي ۋەزىر جانابلىرى، بىر ئىشنى قىلىڭكى، نەۋائىنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، سولۇشۇپ قايتسۇن، بۇ ئىشلارغا سىز، سىياسەت ئەربابلىرىنىڭ ئەقلى يېتىدۇ.

نىزامۇلمۇلك ھىجىيىپ قويىدى.

— بەدىئۈززاماننىڭ بەلختىكى غەزىنىسىدە پۇل كۆپ، — دېدى ۋەزىر سۆزنى بۇرىماقچى بولغان ئادەمدەك.

— راست، كۆپ دەپ ئاڭلىغانمەن، — سەركەردىنىڭ قىسىق كۆزلىرى پارقىراپ، ئاغزىدىن شۆلگىيى ئېقىپ كېتىۋاتقانىدى، — قېنى ئەمدى، ئۇ بايلىقلارنىڭ بەشتىن بىرى مەندە بولسا!

— تىنچلىق بولسا، بۇ بايلىقلارنى چۈشىڭىزدىمۇ كۆرمەيسىز.

— راست! بىر ئىش قىلغىنكى، داتلىشىپ ياتقان قىلىچلىرىمىز غىلاپتىن چىقىپ، جەۋلان قىلسۇن، خەنجەرلىرىمىز قانغا تەشنا بولۇپ كەتتى.

— ھەي، سەركەردە، ماڭا قاراڭ، ئەگەر مەن بىر ئىشنى باشلىۋەتسەم، سىز قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلارغا مېنى شېرىك قىلارسىزمۇ؟

— يېرىمىنى بېرىمەن، — دېدى سەركەردە جاۋۇلداپ.

— ئاستىراق، ئىشىكنىڭ كەينىدە ئادەم، — دېدى ۋەزىر تەمتىرەپ، — قولىڭىزنى بېرىڭ.

— گەپ بىر، — دېدى جاھانگىر بەرلاس ئۇنىڭ نازۇك قولىنى قىسىپ.

كېلىشكەن، بۇرنى ئېگىز كەلگەن، كۆزلىرى يوغان بەدىئۈززامان ئەدەپ ساقلاپ تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. گەۋدىسى كىچىكرەك شائىر ئۇنىڭ ئالدىدا كىچىك بالىغا ئوخشايتتى. نەۋائى پادىشاھنىڭ بەلختىكى سارىيىدا بەدىئۈززامان بىلەن سۇلھ مۇزاكىرىلىرى ئېلىپ

[1] 1496 - يىلى.

باراتتى. ئىتائەت يىپىنى ئۈزگەن شاھزادىنى توغرى يولغا سالماقچى بولاتتى.
— گەپ شۇنداق بولسۇن، — دېدى شائىر ئاخىرى، — ئاسترابادنى ئىنىڭىزغا تاپشۇرۇڭ، ئۇنىڭ ھېسابىغا مەن ئوتتۇرىدا تۇرۇپ مەيمەنەنى ئېلىپ بېرەي.
— ئاسترابات ئاسمان بولسا مەيمەنە يەر، — دېدى بەدىئۈززامان، — ھەي، لاچىننى ئالا قاغىغا ئالماشتۇرۇشقا بولامدۇ؟ ئەگەر سىزدىن باشقا بىر ئادەم ئەلچى بولۇپ كەلگەن بولسا، بوسۇغامغا يېقىن كەلتۈرمىگەن بولاتتىم. سىز، ھەر ھالدا، ئۇستازىمسىز.
— ئەگەر مېنى ئۇستاز دېسىڭىز، يۈزۈمنى قىلىڭ، سۆزۈمنى يەردە قالدۇرماڭ! —
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆك شايى چاپان كىيىپ، بېلىنى تىللاكەمەر بىلەن باغلىۋالغان نوچا شاھزادىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.
— خالايىق ئۇرۇشتىن بىزار بولغان، تىنچلىقنى ئىزدەيدۇ. ئەگەر سىز قىلىچنى غىلاپقا سېلىپ، ئاتىڭىز بىلەن تىنچلىق شۇئىسىدە سۆزلەشسىڭىز، خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنى-سىز. خەلقنىڭ مۇھەببىتى چوڭ گەپ، ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلاڭ!
شاھزادە ئىككىلىنىپ قالدى: «بىر ھېسابتا چالىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاتامنىڭ بىر پۇتى يەردە بولسا، بىر پۇتى گۆردە، ئىنىم بىلەن تەخت تالىشىپ قالغىنىمدا خەلق مېنى قوللىسا، ئىشىم ئوڭدىن كېلىدۇ، — ئۇنىڭ كۆڭلى سولھىگە مايىل بولسىمۇ ھېسسىياتلىرى توغيان قىلاتتى: — «ئاقىۋەت، ئاسترابادتەك شەھەرنى ئۆگەي ئۇكاڭغا بېرەمسەن» دېگەندەك بولاتتى.
— ئۇستاز، شەرتلىرىڭىز ماڭا ئېغىرلىق قىلىدۇ.
— ئۇرۇش ئېغىرلىق قىلمامدۇ؟ ۋاھالەنكى، ئۆز مەنپەئىتىڭىز يولىدا يۇرتنىڭ خاتىر-جەملىكىنى قۇربان قىلىپ ئۆز ئاتىڭىزغا قىلىچ كۆتەرمەكچىمۇسىز؟ مېنى شەرمەندە قىلىپ، قۇرۇق ياندۇرماقچىمۇسىز؟ قايسى يۈزۈم بىلەن ھىراتقا بارىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭ، مەن پايتەختكە قايتىپ كەتمەيمەن! ئۆلتۈرۈۋېتىڭ!...
نەۋائى سۆزىنى تاماملىيالمىدى، كۆزىدىن ياش ئېقىشقا باشلىدى.
سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان بېھلول نەۋائىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتى. كېيىنرەك كۆز ياشلىرى قوڭالتاق كىيگەن كەشىگە تېمىشقا باشلىدى.
— ئۇستاز، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى خاپا قىلىشنى خالىمايمەن.
— ئەگەر رازىلىقىمنى خالىسىڭىز، سۆزۈمگە كۆنۈڭ.
— ئاتا، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئاسترابادتىن كەچتىم.
نەۋائى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، بەدىئۈززاماننىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. قورۇقلىرى تارىلىپ، خۇددى ئون يىل ياشارغاندەك بولدى. مۇزاكىرىلەرنىڭ تۈگىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلگەن زىياپەتتە ئۇ قىزىق - قىزىق لەتىپىلەر ئېيتىپ، ئەتراپىدىكىلەرنى كۈلدۈردى، شەھەر چاقچاقچىلىرىنىڭ غىدىقىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ھەممە خۇش بولۇپ ئۆيىگە قايتتى. كېچىسى شائىر خۇددى ياش بالىدەك ئۇخلىدى.
بىراق ئەتىسى دەھشەتلىك بىر مەنزىرىگە دۇچ كەلدى. سالام ئۈچۈن سارايغا كەلگەندە بەدىئۈززامان ئۇنى تولىمۇ سوغۇق قارشى ئالدى. كۆزلىرى چەكچەيگەن شاھزادە سالامنى ئىلىك ئالماستىن، نەۋائىغا نەيچە قىلىپ ئورالغان بىر قەغەزنى سۇنۇپ:
— ماۋۇ تومارنى ئوقۇپ بېقىڭ! — دەپ غودۇردى.
— ئوقۇڭ، رىياكارلىقنىڭ مىسالى بولغان بۇ قەغەزنى!

www.uyghurkitap.com

— زادى نېمە ئىش؟ قانداق قەغەز؟ — دەپ سورىدى چىرايى داكىدەك ئاقىرىپ كەتكەن نەۋائى.

— بۇ - پەدەرى بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ بەلخ شەھەر دورغاسىغا ئەۋەتكەن مەخپى پەرمانىنى ئوقۇڭ!

پادىشاھ شەھەر باشلىقىغا، «بەدىئۇززامان ئۆز نەۋكەرلىرى بىلەن ئوۋغا چىققاندا، شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭ ئېتىۋېلىڭ، ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەڭ» دېگەن مەزمۇندا پەرمان ئەۋەتكەنىدى.

— كېچىسى مېنىڭ نەۋكەرلىرىم شەھەر سىرتىدا گۇمانلىق بىر ئاتلىق كىشىنى توختىتىپ، يېنىنى ئاختۇرۇپ بۇ يارلىقنى تېپىشىپتۇ، — دېدى بەدىئۇززامان پېشانىسىنى تۈرۈپ، — ئاتلىقنى قەلئەگە سولاتقۇزۇپ قويدۇم. ياخشىلاپ قاراڭ، مۆھرى ۋە ئىمزا ئاتامنىڭكى، بۇ يالغان يارلىق ئەمەس.

— يالغان ئەمەس، — دەپ ئۇنى تەستىقلىدى نەۋائى ھۆسەيىن بايقارانىڭ ئىمزاسىنى تونۇپ.

— دېمەك، پەدەرى بۇزرۇكۋارىمىز سىزنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، مېنى پۇتلىماقچى ۋە قاپقانغا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ، ماڭا قاراڭ، ئىككىلىمىزمۇ ھىيلە ۋە نەيرەڭ تورىغا چۈشۈپتىمىز.

نەۋائى سۇلتان ھۆسەيىننىڭ ھىلىگەر ئىكەنلىكىنى بىلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن بۇنداق خىيانەت سادىر بولىدۇ، دەپ زادى ئويلىمايتتى. غەزىپىگە چىدىيالماي، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قويدى، لېكىن غىڭ قىلمىدى. «مىرزا ھۆسەيىن ھەممە ھەرىكەتلىرىمنى يوققا چىقاردى، ئەمدى ئۈنچىقماي ئورنۇمغا كېتىۋېرەي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

شائىر نائۈمىد بولۇپ ئەتىسىلا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ھىراتقا مېڭىپ كەتتى. قىرغىقىنى قومۇش بېسىپ كەتكەن، تولۇپ - تېشىپ ئېقىۋاتقان مۇرغاب بويىغا كەلگەندە سۇلتاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى دەريادىن كېچىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

كۆزگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ كۆرۈنگەن نەۋائى ھىراتقا يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىماي، مەشھەد شەھىرىگە كەتتى. ئۇ ساياھەت قىلىپ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يەشمەكچى، نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرماقچى ئىدى. لېكىن خۇراسان مەملىكىتىدە دەھشەتلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ھۆسەيىن بايقارا بەلخقا، مۇزەففەر مىرزا ئاسترابادقا يۈرۈش قىلدى. قەلئە بېسىپ ئېلىشتا تەجرىبىلىك، ئەسكىرى كۆپرەك بولغان سۇلتان بەلخ شەھىرىنى قامال قىلىپ، ئۇنى جەڭ بىلەن ئىشغال قىلدى①. بەدىئۇززامان ئۆز نەۋكەرلىرى ئاران قېچىپ قۇتۇلدى.

ئەتىسى ئاسترابادمۇ زەبت قىلىندى. مۆمىن مىرزا ئەسىر ئېلىنىدى ۋە ھىراتقا ئېلىپ كېلىنىپ، شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىيارىددىن قەلئەسىگە قامالدى.

ھۆسەيىن بايقارانىڭ تېخى ئون ئىككى ياشقا كىرمىگەن نەۋرىسى قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، جەڭدە يول قويغان خاتالىقلىرىنى ئەسلەپ ئۆكۈنەتتى. شەھەر مۇداپىئەسىنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشنى بىلمىگەن ھاراقكەش بەگلەردىن ئاغرىناتتى. ئۇنىڭ غەزىپى قاينايتتى، سېمىز يۈزلىرى قىزىرىپ، قىسىق كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى، ياش يۈرىكى غەزەپ بىلەن ياناتتى، لېكىن ئۇنىڭدا مەيۈسلىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ

① بۇ ۋەقە 1497 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سادىر بولغانىدى.

تۇرمىدە يېتىشى ياكى بۇ يەردە ئۆلۈم شەرۋىتىنى تېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.
ئۆزىچە بىرسى كېلىپ، ھازىرلا زىندان ئىشىكىنى كەڭ ئاچاتتى ـ دە ئۇنى بوشىتىۋەتكەندەك
تۇيۇلاتتى. ياشلارغا خاس ئىشەنچ ـ ئۈمىد بىلەن تولغان قەلبى ئۆزىنىڭ تېزلا قۇتۇلۇپ كېتىپ،
يانا ئاسترابادتىكى ئانىسى يېنىغا يېنىپ كېتىشىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك ئىدى.
شۇ ۋاقىتتا بەدىئۇززاماننىڭ ئۆگەي ئانىسى خەدىچە بېگىم ئۆز تۇزىقىغا چۈشۈرگەن
مۆمىن مىرزىنىڭ ئەتراپىدا قارا ئۆمۈچۈكتەك ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىغۋا تورىنى توقۇيتتى.
يېشى قىرىققا يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ تېخى ئۆز چىرايىنى يوقاتمىغان بۇ غەيرەتلىك،
ئۆكتەم خوتۇن ئېرى ھۈسەيىن بايقارانى «گاھ» دېسە قولىغا قونىدىغان قىلىۋالغانىدى.
ئېرىنىڭ كۆپ ئىچىپ مەست بولۇشىدىن ئۇ خاپا ئەمەس، ئەكسىنچە خۇشال. چۈنكى بۇنداق
ۋاقىتلاردا ئۇ ئۆز ئىشىنى پۈتتۈرۋالاتتى. خەدىچە بېگىم ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن
بەدىئۇززاماننىڭ تەختكە چىقىشىدىن قورقاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ بىلەن چوڭ ئوغلى
ئوتتۇرىسىغا نىزا سېلىپ، ئۆز پەرزەندى مۇزەففەرنى ۋەلىئەھد قىلىپ بەلگىلەشكە ئۇرۇناتتى.
خەدىچە بېگىم كونا ئادەت بويىچە ۋەزىرلەردىن قاچمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئېرىنى ئىچكۈ-
زۈپ مەست قىلدى ـ دە، نىزامۇلمۇلكنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىردى. ۋەزىر ئوغلى بىلەن ساراي
غەزىنىسى مۇستەۋغلىرى (ھېسابچىلىرى) نىڭ دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇراتتى، مەلىكە-
نى كۆرۈش بىلەن ئاتا ـ بالا ئورنىدىن قوپۇپ تازىم قىلىشتى، خەدىچە بېگىم:
ــ بەدىئۇززاماننىڭ شۇمتىكىنى نېمە قىلماقچىسىز، ــ دەپ سوراپ قالدى.
ــ نېمە قىلاتتۇق؟ يانا بەش ـ ئالتە كۈن تۇرمىدە يېتىپ، كۆزى ماشتەك ئېچىلغاندىن
كېيىن قويۇۋېتەرمىز.
ــ ئاندىن كېيىن ئاتىسى بىلەن سەن ياخشى بولۇپ، ئېغىز ـ بۇرۇن
يالىشارمىز، شۇنداقمۇ؟
ــ بېگىم، توغرى چۈشىنىڭ، باشقا ئامالىم يوق.
ــ بۇ مېنىڭ پىلانىمغا توغرى كەلمەيدۇ.
ــ بىلىمەن، بېگىم.
ــ بىلسىڭىز، شۇنداق بىر ئىش قىلىڭكى، مىرزا چوڭ ئوغلى بىلەن يۈز كۆرۈشمەيدى-
غان بولسۇن.
ــ مەسىلەن؟
ــ مەسىلەن ... ــ خەدىچە بېگىم ئىختىيارسىز ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا ئىشەنچسىزلىك
بىلەن قارىدى، لېكىن ئاتا ـ بالىنىڭ تىلى بىر ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشۈپ، ئۆز پىكرىنى
ئاشكارە سۆزلىدى.
ــ شۇمتەكنى جاللاتقا تاپشۇرۇش كېرەك.
نىزامۇلمۇلك چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ غودۇر يۇزلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالا ـ چەكمەن
بولۇپ كەتتى. ۋەزىرنىڭ نوچا، چېقىر كۆز ئوغلى بولسا، ھېچنەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك
كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇراتتى.
ــ ئاقىۋىتى يامان بولمىسىدى، دەپ قورقىمەن.
ــ ئۆزۈڭىز ئەركىشىمۇ ياكى خوتۇن كىشىمۇسىز؟ تېخى مۇشۇ يۈرەك بىلەن تىللادوز
چاپان كىيىپ يۈرەمسىز؟
ــ زاتى ئالىينى كۆندۈرگىلى بولارمىكىن؟

www.uyghurkitap.com

— سىز پەرمان تەييارلاڭ، كۆندۈرۈش مېنىڭدىن.

ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بەدنىيەتلىكمۇ بىرنەچچىدەك ئۆلگۈدەك يامان كۆرەتتى. ئۇ مۆمىن مىرزىنى قەتل قىلىش توغرىسىدا پەرمانى ئالىپ بېرىشنى ئۆزىدىن ئالدىرىما، ئوغلۇڭنى ئۆلتەتىپ، ئۆزۈڭنى مايمۇندەك ئوينىتىمەن» دەپ ئويلايتتى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى.

— ھازىر مىرزام قاتتىق مەست، ئىمزا قويدۇرۇپ، مۆھرىنى باستۇرۇۋېلىش قىيىن ئەمەس، — دېدى خەدىچە بېگىم.

خەدىچە بېگىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن شۇم پىكىر ھۆسەيىن مىرزىنىڭمۇ مىڭىسىدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ئايغاقچىلىرى مۆمىن مىرزا سولانغان ئىختىيارىددىن قەلئەسى ئەتراپىغا خالايىق يىغىلىپ چاتاق سېلىنىۋاتقانلىقىنى، ئالامان قەلئە بېگىدىن ياش شاھزادىنى ئازاد قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ تۇراتتى. قەلئە بېگى ئېتىغا مىنىپ قوراللىق نەۋكەرلىرى بىلەن ئالامانى قوغلايتتى. ئەمما بىردەمدىن كېيىن خالايىق يانا توپلىنىپ قالاتتى. «مۆمىن مىرزىنى خەلق سۆيەتتى. ئامالىنى قىلالىسا، ئۇنى ھازىرلا تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، پادىشاھ قىلىپ كۆتەرگەي» دەپ ئويلايتتى سۇلتان ۋە ئەجەبلىنىپ، رەشىك ئوتىدا كۆيەتتى. ئۇ خۇددى كوزىغا چۈشۈپ قالغان ھەرىدەك غۇڭشۇپ، خىيالخانىسىدا جەۋلان قىلىۋاتقاندا خەدىچە بېگىم قولىدا پەرمانىنى تۇتۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ مۆمىن مىرزا قېنىغا تەشنا بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بايقىغانىدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەن يالغان مەست بولۇۋالدى.

— ۋەزىرىڭىز مانا بۇ پەرمانغا ئىمزا قويۇپ، مۆھۈر بېسىپ بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلماقتا، — دېدى خەدىچە بېگىم.

— ھە؟ پەرمان؟ ھە ... ھە ... پەرمانى ئالى. نىزامۇلمۇلككە ئىشىنىش كېرەك ... چوپان ئۇيقۇدا بولسىمۇ ... ئىتى ئويغاق ... مۆھرۈم نەدە؟ — ئۇ قولىغا پەرمانىنى ئېلىپ، ئايلاندۇرۇپ كۆردى، كېيىن يانچۇقىدىن مۆھرىنى ئېلىپ، خوتۇنىغا بەردى. — مە، ئۆزۈڭ بېسىۋال! ...

سۇلتان ھۈسەيىنىنىڭ بۆدەنە ۋە دۆلەنە دېگەن ئىككى جاللىتىغا يانا ئىش تېپىلدى. بۆدەنە پادىشاھقا قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلغۇچى، ئاقكۆڭۈل، قامەتلىك يىگىت ئىدى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلارنى گويا رەھمى كەلگەندەك، قىينىماستىن ئۆلتۈرەتتى. دولەنە بولسا قاپاقباش، پەمسىز، مۇغەمبەررەك كىشى ئىدى. ئۆز قولىغا چۈشكەن ئادەمنى، جاللاتلىق قائىدىسىغا رىئايە قىلىپ، ئالدىرىماي ئۆلتۈرەتتى.

ۋەزىر ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بۆدەنىگە تاپشۇردى. جاللات پادىشاھ پەرمانىنى كۆرۈپ، سەسكىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، پادىشاھ ئەمرىنى سۆزسىز ئورۇنداشقا ئۆرۈنغان جاللات تېز قەدەم تاشلاپ، ئىختىيارىددىن قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. ياش شاھزادە بىلەن سالاملىشىپ، دەرھال:

— سىزنى ئۆلتۈرگىلى كەلدىم، — دېدى.

ئۆلۈمنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بالا چاقچاق دەپ قاراپ:

— ھى، — دەپ كۈلدى، — يالغان ئېيتىۋاتىسىز.

— نېمىشقا كۈلىسەن، ئەخمەق، يىغلاش كېرەك!

بۆدەنەنىڭ تۇرقى قورقۇنچلۇق، قاپىقىدىن قار ياغاتتى.

— نېمىشقا يىغلايمەن؟ چاقچاققىمۇ ئادەم يىغلامدۇ؟ — مۆمىن مىرزىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئاكامسىزغۇ، ئېسىڭىزدىدۇر، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت يىل ئاۋۋال ئىراقتىن بىر پالۋان كېلىپ پالۋان مۇھەممەد بىلەن چېلىشقاندا، مەن مۆرىڭىزدە ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرگەنىدىم. شۇ چاغدا «بۆدەنىدەك ئاكام بار، ھېچكىمدىن قورقمايمەن؟» دەپ ئويلىغانىدىم ...

جاللاتنىڭ تۇرقى ئۆزگىرىپ، يۈزىنىڭ گۆشلىرى لىپ - لىپ قىلىپ ئويناپ كەتتى. گېلىغا بىر نەرسە تىقىلغاندەك بولدى.

— ئېسىمدە بار، — دېدى ئۇ سولىشىپ.

— ئاكا، بۇ يىلمۇ ئىراقتىن پالۋانلار كېلىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، تاماشا قىلىش ئۈچۈن بىللە بارىمىزمۇ؟

ئۇ بالىنىڭ بېشىنى سىلىدى - دە، كېيىن زىنداندىن چىقىپ، ئۇدۇل سارايغا قاراپ ماڭدى، پادشاھنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ، بىگۇناھ بالىنىڭ قېنىنى سورىماقچى بولدى. بىراق «ھۇجرىخانىسى» دا قاتتىق مەست بولۇپ ياتقان ھۇسەيىنىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا تۇرغان مۇھەممەد ۋەلىبېك ئۇنى ھەيدىۋەتتى.

— كىرىپ بېقىڭ ... بۆدەنە كەپتۇ، دەڭ ... ئۆز پۇشتىدىن بولغان ...

— يوقال دەيمەن، ئايپالتا بىلەن بېشىڭنى يارىمەن.

بۆدەنە ئۆزىدىنمۇ رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئادەملەر ئالدىدا يىپ ئېشەلمەي قالدى. ۋەقەدىن خەۋەردار بولغان نىزامۇلمۇلك ئالدىراپ - تېنەپ، دۆلەتنىنى ئىشقا سالدى. ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا بىر خالتا تەڭگە ئىنئام قىلىپ، دەرھال زىندانغا ماڭغۇزدى.

بۆدەنە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۆمىن مىرزا بىئارام بولۇپ، زىندان ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. بېشى خەۋپ - خەتەر ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەمدى بايقىغانىدى. بىراق ئۇ ئۆلۈشنى خالىمايتتى، بېشىغا تۇپلانغان بۇلۇتلار ئارىسىدىن نىجات يۇلتۇزىنى ئىزدەيتتى: «چۈنكى، بۆدەنە بوۋام ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلسا، جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالسا»، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. بىراق ئىشكتىن كىرىپ كەلگەن پاكار دۆلەتنى كۆرۈپ سەسكىنىپ كەتتى. جاللات ئۇنچۇقماي بېلىگە ئوراغلىق ئاغامچىنى يەشتى، بالىنىڭ قولىنى كەينىچە باغلىماقچى بولدى.

— يوقال، قولۇمنى باغلاتمايمەن، — دېدى مومىن مىرزا ئۆزىنى بىر چەتكە ئېلىپ، ئۇنىڭ زەردىسى قايناپ ئاچچىقى قورقۇنچنى بېسىپ كەتكەنىدى.

— گەپنى بۇرىما، تىز پۈك.

— تىز پۈكمەيمەن، ئۆلتەسەڭ ئۆلتۈرىۋەر، شۇنداق تۇرۇپ بېرىمەن، — بالا قامىتىنى تىك تۇتۇپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردى ...

ئەتىسى ئەتىگەن ھۇسەيىن بايقارا نىمجان بولۇپ ئويغاندى، بېشى ئاغرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن شارابچىنى چاقىرىپ بىر پىيالە مەي ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

شارابچى خامۇش، قاپىقى تۈرۈكلۈك ئىدى، ساراي سۇ سەپكەندەك جىمجىت، تاق ئەتكەن ئاۋاز يوق ئىدى. ساراي ئەھلى كۆزدە نىمجان بولغان چىۋىندەك گىژىلدىشىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا مېڭىشاتتى.

— ھەي، نېمە بولدى؟ مۇھەممەد ۋەلى، نەدە سەن؟

مۇھەممەد ۋەلى ئىچكىرى كىرىپ تازىم قىلدى.

— نېمە ھادىسە بولدى؟ نېمىشقا ساراي جىمجىت؟

— مىرزام ... پەرمانىڭىز ... بىجا كەلتۈرۈلدى.

— ئوچۇقراق سۆزلەڭلەرچۇ! قانداق پەرمان؟

— مۇھەممەد ... ئا ... مىرزا مۇمىن ھەققىدە ...

— ھە، مىرزا مۇمىن نېمە بولدى؟

— تۆنۈگۈن كەچقۇرۇن ... قەتل قىلىندى.

ھۈسەيىن تىزىغا بىرنى ئۇرۇپ: «ئاھ!» دەۋەتتى. ئۇ ھازىر ھەقىقەتەنمۇ نەۋرىسىگە ئېچىناتتى. تۆنۈگۈن بىردەقىقىلىق نەس باسقان ھېسقا بېرىلىپ، بىمەنە ئىش قىلغىنىدىن پۇشايمان يەتتى.

دەل شۇ كۈنى مەشھەدتىن يېنىپ كەلگەن نەۋائى يىغى - زارە ئۈستىدىن چىقىپ قالدى. ھىرات ئەھلى تاۋۇت كەينىدىن يىغلاپ بېرىشاتتى. نەۋائىمۇ ھاسا تايانغان ھالدا تاۋۇتنىڭ ئالدىدا: «ۋاي باغرىم!» دەپ يىغلاپ ماڭاتتى، توختىماي ئاققان كۆز ياشلىرى مەيۈس يۈزىدىن ساقىلىغا ئېقىپ چۈشەتتى.

پادىشاھ بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەنىڭ سەۋەبچىلىرىنى قاتتىق جازالاش بىلەن ئۆز ئەيىپىنى بويىنىدىن ساقىت قىلماقچى بولدى. باش ۋەزىر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىنى دەرھال زىندانغا سولىتىپ، سوراق قىلدۇرۇشقا باشلىدى. خەدىچە بېگىم ھەممە گۇناھنى نىزامۇلمۇلكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۆزىنى ئاپئاق قىلىۋالدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۆدەنە، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق، نىزامۇلمۇلكنىڭ كۆزى ئالدىدا ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۆلتەردى، كېيىن قەلئە دەرۋازىسى يېنىدا ۋەزىرنىڭ پۇتىدىن دارغا ئېسىپ قويۇپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى شىلىپ ئالدى.

ئوغلى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بەدىئۈززامان ئەسكەر توپلاپ، ئاتىسىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. خۇراسان مەملىكىتىدە ئۆلۈمنىڭ بازىرى قىزىپ، خاراب بولغان بىنالار ئۈستىدە ھوقۇشلار سايراشقا باشلىدى. ۋەيران بولغان شەھەرلەردە ئاچ - يالىڭاچ باللار، جۇلدۇر كىيىملىك، قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان ئاياللار تەمتىرەپ يۈرەتتى. مەملىكەتنى بېسىپ ئالغان زۇلۇم - ۋەھشەتنىڭ پايانى كۆرۈنمەيتتى، نىجات يولتۇزىنىڭ يۈزىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىۋالغانىدى.

ئەلىشىر نەۋائى شەھەر سىرتىدىكى چاھار بېغىغا كۆچۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بېلى مۈكچىيىپ، قوللىرى تىترەيدىغان، قۇلىقى دائىم غۇڭۇلداپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق ئۇنىڭغا قارىماي، ئۇ تا تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي ئىشلەيتتى. ئۆلۈم ئەلچىلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرايتتى.

شائىرنىڭ تاغ يانباغرىغا سېلىنغان چاققانغىنا شىپاڭى ئۈستۈرىسىدىكى، كىچىككىرەك ئۈستەل ئۈستىدە بىر شام لىپ - لىپ قىلىپ يېنىپ، مىس قەندەل ئۈستىگە كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتى. قاراڭغۇ كېچىلەردە شام نۇرى زۇلمەتنىڭ باغرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، يىراقتىن پىلىلداپ كۆرۈنەتتى.

## مىرھەيدەرنىڭ ھالاكىتى

مۇمىن مىرزىنىڭ ناھەق تۆكۈلگەن قېنى ئۆز ساھىلىدا تىنچ ئېقىۋاتقان ھايات دەرياسىنى

زەھەرلەپ، دولقۇنلاندۇردى. ھەر تەرەپتە جەڭ ساداسى، «گۇر، گۇر» سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. بەدىئۇززامان ئوغلىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، ئولجا خۇمار سەركەردىلەر ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ، جەڭ مەيدانلىرىدا جەۋلان قىلىپ، خەلقنىڭ مېلىنى بۇلاشقا كىرىشتى. پادىشاھنىڭ ھېچ تۈزەتكىلى بولمايدىغان خاتاسى خۇراسان ئۆلكىسىنى پۈتۈنلەي جەھەننەم گىرۋىكىگە ئەكېلىپ قويغانىدى.

نەۋائى يۈرتىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتتىن قايغۇرۇپ ئولتۇرۇپلا قالغانىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئاسمان گۇمبىزى پىقىراشقا، پۈتى ئاستىغا قارىسا، يەر ئايلىنىۋاتقانغا ئوخشايتتى. ئۇ ھاسىسىغا تايىنىپ بىنەپشەزارنى ئايلاندى، كېيىن سۇپا چېتىگە ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمدى ـ دە، خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ بېشى ھامان ئايلىناتتى، خىيالغا بىر ـ بىرىدىن ئېغىر پىكىرلەر كېلەتتى. يۇرتىنىڭ يانا قانداق كۆرگۈلۈكى باركىن؟ نىجات ساھىلىدىن تىنچلىق شامىلى كېلىپ، قۇياش يۈزىنى قاپلىغان ۋەھشەت بۇلۇتلىرىنى ھەيدىۋېتەرمىكىن؟

ئادەمنىڭ بېشىغا غەم چۈشمىسۇن، چۈشسە، بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىۋېرىدۇ. شائىر ئۇزاق تارتىپ ئولتۇرغاندا مىرھەيدەر كېلىپ سالام بەردى. شائىر كۆزىنى ئاچتى ـ دە، سالامنى ئىلىك ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالدى. مىرھەيدەرنىڭ ئۈچىسىدا قۇراق تون، بېشىدا كۇلاھ، قولىدا تەسۋى، پۈتىدا ئىشەك تېرىسى كۆنىدىن تىكىلگەن كەش. نەۋائى ئۇنىڭ سارغايغان يۈزىگە، ئۇستىۋېشىغا قاراپ:

ــ ئاللا، بۇ نېمە ئەھۋال؟ ساڭا نېمە بولدى؟ جونۇن ۋادىسىدىن چىققان شامال ئەقلىڭنى ئۇچۇرۇپ كەتتىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ياق، ئەقلىم جايىدا، ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ جايىدا، ئەمما بۇ پانى دۇنيادىن كېچىپ، ئۇ دۇنيانى ئويلاش ۋاقتى كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. شۇڭلاشقا دەرۋىشئەلىبېگكە مۇرىد بولۇپ، دەرۋىشلەر قاتارىغا قېتىلدىم.

ــ دەرۋىشلەر قاتارىدا، يائاللا! ئەشۇ كارامەتلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن ئىبارەت شەيخلەر قاتارىغا كىردىم ـ دە!

ــ زەرباب تون كىيىپ، رىياكار پادىشاھقا خىزمەت قىلغاندىن، قۇراق تون كىيىپ زىكرىگە چۈشكەن ياخشى. دەۋرىشنىڭ قاتتىق نېنى شاھنىڭ ناۋات ـ شېكىرىدىن تاتلىقراق، ــ دېدى مىرھەيدەر قىقىراپ.

زىكىر ـ ساماغا چۈشۈۋېرىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدى.

ــ سۆزۈمگە قۇلاق سال، ئىنىم، ــ دېدى شائىر ئېچىنىپ، ــ دەرۋىشلىك يولىغا بۇرۇنراق چۈشۈپسەن. يېشىڭ ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغاندا مەيلى ئىدى. ئوتتۇز بەشكە ئەمدى كىردىڭ. قېرىلارنىڭ قىلىقىنى قىلىپ خەلقى ئالەمگە شەرمەندە بولما. قېرىلار ياشلارغا ئۈلپەت بولۇپ، ئۇلار بىلەن مەيخورلۇق قىلسا، نومۇسقا قالىدۇ. ياشلار قېرىلارغا قوشۇلۇپ، كېچە كۈندۈز تائەت قىلسا، دوستلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدۇ، دۈشمەنلەرنى خۇش قىلىدۇ. ئۆزۈڭ ئېيتچۇ، مۇشۇ يېشىڭدا ساقىلى ئاقارغان شەيخلەر بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇش ساڭا يارىشامدۇ؟

ــ ئادەملەر نېمە دېسە دەۋالسۇن. مەن بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. ئاسمان گۇمبىزى ئۆيۈم، يۇلتۇزلار چىرىغىم، ــ دېدى مىرھەيدەر ئاسمانغا قاراپ.

ــ ھەر، ئىككى دۇنيا بىر قەدەم بولۇپ قاپتۇ ـ دە، ساڭا؟ ئەمما بالا ـ چاقاڭنىڭ

www.uyghurkitap.com

بارلىقىنى ئۇنۇتما. ياخشىسى، مەن ساڭا فەرراشاندىكى يېرىمنى بېرەي، دېھقانچىلىق قىل.

— يەر ھايداپ، قىغ پۇراپ، ئاشلىق تېرىش، باغۋاران قىلىشقا رايىم يوق.

— كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، رىيازەت چېكىش ياخشىراق ئىكەن - دە، قاچاندىن بېرى تەسۋى ئۆرىمەك ھالال ئەمگەكتىن ئەۋزەل بولۇپ قالدى؟

نەۋائىنىڭ ھەر بىر گېپىگە جاۋابەن مىرھەيدەر دەلىل ئىزدەپ، ئالجىۋىدى، شائىر ئۇنىڭغا ئۆز خاتاسىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. ئەخمەق ئادەم بىلەن ئېلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىگە يانا بىر قېتىم ئىشەندى. بىرسى نەسىھەت بىلەن تۈزەلمىسە، ھايات ئۇنىڭغا جازا بېرىپ، كۆزىنى ئېچىپ قويىدۇ.

— مەيلى، بىلگىنىڭنى قىل، ساڭا ئاتىلىق مېھرى بىلەن باقتىم، ھېچقاچان ئەھۋالىڭدىن غاپىل بولمىدىم. ئەمدى سەن نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلىمىدىڭ، ماڭا شۇنچىلىك ئازاپ بەردىڭكى، بۇ يۈز قېتىم ئۆلگەندىن ئارتۇقراق. مېنىڭ ئورنۇمدا ئەمدى دەرۋىشئەلىبەگ ئاتىدارچىلىق قىلسۇن. خانىقادا زىكرىگە چۈشىدىغان ۋاقىت بولدى، بارىۋەر، مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، دەم ئالاي.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتمەي نەۋائى غەلىتى بىر گەپنى ئاڭلاپ، ھەيران بولدى. ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، مىرھەيدەر ئۇچىسىدىكى قۇراق تون ئورنىغا چاپان كىيىۋاپتۇ. مەسەكەشنى يېشىپ تاشلاپ، ئۆتۈك كىيىپتۇ ۋە ساقىلىنى قىسقا قىلىپ ياستىپ، كۈندۈزى شەھەرگە مېڭىپتۇ ۋە بايقارانىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى — خىسراۋشاھنىڭ خىزمىتىگە كىرىپتۇ. بۇ خەۋەر گويا بېشىغا تەگكەن كالتەكتەك، شائىرنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. ئۇ مىرھەيدەردىن پات - پات خەۋەر ئېلىپ تۇرمىغىنىغا ئۆكۈندى. ئەگەر بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسا، ئۇنى بۇ ناچار قەدەمنى بېسىشتىن قۇتقۇزۇپ قالغان بولاتتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ مۆمىن مىرزا ۋەقەسىدىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن ئارىسىغا چۈشكەن سوغاقلىق ئاداۋەتكە ئايلانماسمىكىن، دۈشمەنلەر، ئەلىشىربەگ مىرھەيدەرنىڭ بۇ ئىشىدىن بىخەۋەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بۇ ئىشنى قىلغان، دەپ ئىغۋا قىلىشلىرى تۇرغان گەپ. مىرھەيدەرگە خەت يېزىپ، ھىراتقا يېنىپ كېلىشنى ۋە سۇلتان ھۈسەيىندىن كەچۈرۈم سوراشنى تەۋسىيە قىلسىمىكىن؟ خېتى قولغا چۈشۈپ قالسا، ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ مىرھەيدەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلارمىكىن؟ نەۋائى تەرەددۇت قىلىپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئىشەنچلىك بىر سودىگەردىن ئەۋەتكەن خېتى قۇندۇزغا كېچىكىپ بارغانىدى. خىسراۋ شاھ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن سۇلھ تۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ئىشەنچلىك ۋە مۆتىۋەر بىر كىشىنى ئەۋەتىشنى مۆلچەرلەپ يۈرەتتى. مىرھەيدەر ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىرگەندىن كېيىن بۇ ئىشقا ئۇنىڭدىن مۇناسىپراق ئادەم تېپىلمىدى. ئاخىرى ئۇ خۇراسان سۇلتانىغا يېقىن نوپۇزلۇق بىر ئادەمنىڭ يېقىن قېرىندىشىغۇ.

ھۈسەيىن بايقارا بۇ ۋاقىتتا بادغىس ۋىلايىتىدە باباخانى دېگەن يەردە ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئوغلى ئەبۇلمۇھسىنگە قارشى ئەسكەر باشلاپ كەلگەنىدى.

سۇلتان چېدىردا قاشلىرىنى يىمىرىپ، مۇشتىنى گۆشلۈك، يۈزىگە تىرەپ ئولتۇراتتى. تۇتۇندەك ئاچچىق پىكىرلەر پۈتۈن بەدىنىنى زەھەرلەيتتى. بىر تەرەپتىن بەدىئۇززامان، ئىككىنچى تەرەپتىن ئەبۇلمۇھسىن قىلىچ يالىڭاچلاپ مەملىكەتنى پارچىلىماقچى، ئاتىسىنىڭ يۈزىگە دەسسەپ، يۇرتنى ئۆزلىرى بىلگىنىچە ئىدارە قىلماقچى. ئىنساپسىزلار! ئەگەر ئۇلارنى نەۋكەرلىرى بىلەن قولغا چۈشەرسە، نېمە قىلىشنى بىلىدۇ. يامان ئاتلىق بولماسلىق ئۈچۈن

ئوغۇللىرىنىڭ قېنىنى تۆكمەيدۇ - يۇ، لېكىن ئۇلارنى يامان يولغا باشلىغان مۇلازىم، نەۋكەرلىرىدىن قىرىق - ئەللىكىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شۇنداق ئېغىر خىياللار تۇماندەك بېشىنى ئوراپ تۇرغاندا، مۇھەممەد ۋەلىبەگ چېدىرغا كىرىپ تازىم قىلدى - دە، خىسراۋشاھ-تىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ۋە ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

— خىسراۋشاھتىن؟ ئەجەبا! سىز ئۇنىڭ يارلىقىنى كۆزدىن كەچۈردىڭىزمۇ؟ ئەلچىسى كىم ئىكەن؟

— يارلىقنى كۆرۈپ چىقتىم. خىسراۋشاھ سىز جانابلىرىغا دوستلۇقنى بايان قىلىپ، كونا مۇسىبەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش ۋە ئىككى ئوتتۇرىدا ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارزۇ-سىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ۋە مىرھەيدەرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

— مىر ھەيدەرنى؟ قايسى مىرھەيدەر؟ مىرسەيىد ئاكىنىڭ ئوغلىمۇ؟

— ھە، شۇنداق، ئەلىشىر بەگنىڭ تۇغقىنى، — دېدى مۇھەممەد ۋەلىبەگ، كۆزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كىنايە ۋە ئاداۋەت ئۇچقۇنى كۆرۈنديۇ، كېيىن ئۆچتى.

ھۇسەيىن بايقارانىڭ كۆزلىرى چىقىپ كەتكەندەك بولدى، ئوچۇق ئاسماندىن قار ياغسىمۇ ئۇ مۇنچىلىك ھەيران بولمايتتى. تېخى يېقىندىلا مىرھەيدەرنىڭ ھىرات كوچىلىرىدا جەندە ۋە كۇلاھ كىيىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە ئىچىدە: «بۇ كۈنىڭدىن بەتتەر بول!» دەپ قويغانىدى.

مۇھەممەد ۋەلىبەگ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى يۈزىدىن بىلگەندەك:

— مىرھەيدەر يېقىندىلا قۇراق تون كىيىپ، قولىغا تەسۋى ئېلىپ تىنەپ يۈرەتتى، كېيىن كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، قۇندۇزغا كەتتى. ئۆزى يارىماس ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىپ، سىزنى بىئارام قىلىشنى خالىمىغانىدۇق.

— مىرسەيىد ئاكىدەك ئەقىللىق ۋە باھادىر يىگىتتىن مىرھەيدەردەك ئەخمەق ئوغۇلنىڭ تۇغۇلغىنىغا ئەجەبلىنىمەن. چەكسىز ئىنايىتىم ۋە شەپقىتىم ھېسابىغا ماڭا خىيانەت قىپتۇ. ھەممە ياخشىلىقلىرىمنى ئۇنتۇپ، دۈشمىنىمنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنى ئەلچى دەپ ئەمەس، خىيانەتچى دەپ بىلىمەن. ئۇ نىجىسنى دەرھال قولغا ئېلىپ، كېيىن قىلمىشىغا يارىشا جازا بەرگەيمەن.

سۇلتان غەزىپىدىن دىر - دىر تىترەپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن، نەۋائىينى ئاسترابادتا سۇلتانىنىڭ باقاۋۇلى زەھەرلىمەكچى بولدى، دەپ سۆز تارقاتقان ئەشۇ مىرھەيدەرنىڭ ئۆزى ئەمەسمىدى! سۇنى لېيىتىپ، سۇلتان ھۇسەيىنگە بىر مۇنچە تەشۋىش تېپىپ بەرگەن ئەبلەخ شۇ چاغدا ئاسانلا قۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى قۇتۇلۇپ باقسۇنچۇ! ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇدەننى چاقىرتىپ، ئۇ خائىننىڭ كاللىسىنى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرسەكمىكىن؟ ياق، بىر ئاز ئويلاپ بېقىش كېرەك. ھۆكۈمالار، غەزەپ ۋاقتىدا ئادەم ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش لازىم، دېگەن گەپ بار. ھازىرچە بۇ توغرىدا ئويلىماي، باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش لازىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە يانا مىرھەيدەرگە نېمە چارە كۆرۈش توغرىسىدا باش قاتۇردى. ئويلاپ، ئۇنى جاللات قولىغا تاپشۇرۇشقا جەزم قىلدى. بولمىسا قول ئاستىدىكى مۇلازىم ۋە نەۋكەرلەر ئامىتى كەلگەن باشقا ھۆكۈمدارلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى، كېيىن يېنىپ كەلسەك، ھۇسەيىن مىرزا بىزگە جازا بەرمەي، تۆۋىمىزنى قوبۇل قىلىدىكەن، دېگەن ئويغا كېلىشلىرى مۇمكىن، ھۆكۈمدارغا خىيانەت ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويسۇن ئۇلار.

* * *

مىرھەيدەرنىڭ دەھشەتلىك ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەر نەۋائىينى گاڭگىرىتىپ قويدى. زادى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ نېمىشقا مىرھەيدەر ئەخمەقلىق قىلىپ، سۇلتان ھوزۇرىغا ئەلچى بولۇپ كەلدىيۇ، نېمىشقا سۇلتان بىكاردىن ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچ سالدى؟ ھەر ئىككىسىنىڭمۇ قىلغان ئىشىدا بىر مەنا مەنتىق بارمۇ؟

قايغۇسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە ياش كەلمەيتتى، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيتتى. بېھلۇل ئېلىپ كەلگەن تاماق دەستىخان تۆپىسىدە شۇ پېتى تۇراتتى. دوستلار ئۇنى بەزلەشكە كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇرۇناتتى، شائىر ئۇلارنىڭ خەيرخاھلىقىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، يانا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سۈكۈتكە چۆكەتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ساھىبدارا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مىرھەيدەرنىڭ جەسىدىنى بادغىستىن ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەرگە دەپنە قىلساق ياخشى بولاتتى، — دېدى.

— بۇ پىكىر مېنىڭمۇ خىيالىمغا كەلگەنىدى. سىز شۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىڭ.

— ئەگەر بۇ ئىش يالاڭتۆش باھادىرغا تاپشۇرۇلسا ...

— يالاڭتۆشنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، نەۋائىي بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇ يارىماس ئەسكى ئادەم بۇنداق تاپشۇرۇقلارنى جان - دىلى بىلەن ئورۇندايدۇ. ئۆي ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ سادىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىنى قازىنىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ تاشلاشقا تەييار.

— مەيلى، يالاڭتۆشكە ئېيتىڭ. ئىككى يىگىتنى ئېلىپ بېرىپ، بادغىسقا بارسۇن، بۆدەنىگە ئىككى - ئۈچ دىنار بەرسە، كۆمگەن يېرىدىن جەسەتنى ئېلىپ، كىگىزگە ئوراپ بېرىدۇ.

بەش كۈندىن كېيىن شېھىد بولغان مىرھەيدەرنى كېپەنلەپ چەشمەئى ماھىياندىكى مازارغا قويدى. ئۈستىگە توپا تاشلىنىپ، قۇرئان ئوقۇلغاندىن كېيىن نەۋائىي: «دەۋر بىۋاپا-لىرى جاپاسىدىن داد! زامان ستەمكارلىرى زۇلمىدىن داد! » دەپ يىغلىۋەتتى. كۆز ياشلىرى يۈزىنى يۇيۇپ، مەيدىسىگە، ئاقارغان ساقاللىرىغا ئېقىپ چۈشەتتى. مۈكچىيىپ قالغان گەۋدىسى دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي، ئىختىيارسىز كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتى. ساھىبدارا پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا تەسەل-لى بېرىشكە باشلىدى. يىغىسىنى باسالمىغان شائىرنىڭ ئورنىدىن قوپالماي ۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئېلىپ ماڭدى.

## ئۆلۈم

ئورۇن تۇتۇپ ياتقان شائىر تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆكسۈپ، قورۇپ قالغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ساھىبدارا پاختا بىلەن ئاغزىغا سۇ تېمىتاتتى. شائىرنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن يۇمىلاق يۈزىگە، يۇمۇلغان كۆزلىرىگە قاراپ خورسىناتتى.

نەۋائىينىڭ ئۆيى سۇ سەپكەندەك جىمجىت. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئاۋاز چىقارماي، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ماڭاتتى. كېسەلنى كۆرگىلى كەلگەن دوستلار بوسۇغىدا قول قوشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا

بىردەم قاراپ تۇراتتى - دە، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنچۇقماي چىقىپ كېتەتتى. تىلىدىن قالغان بىمار بەزىدە ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاران ئاچاتتى ۋە ئاستا: «ئۇھ، ئۇھ، ئۇھ!» دەپ قوياتتى. زىرەك ساھىبدارا شائىر جىسمانى ئازاب چېكىۋاتقىنىدىن ئەمەس، بەلكى مۆلچەرىدىكى ئىشلىرى پۈتمەي قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ ئاھ چېكىۋاتقانلىقىنى ئىچكى بىر ھېس بىلەن سېزەتتى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئۆزىمۇ ئۇھ دەپ قوياتتى. ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالغاندا يۈز بەرگەن پالاكەتلەر نەۋائىينىڭ يۈرەك - باغرىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. مۆمىن مىرزا بىلەن مىرھەيدەرنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىدە قالدۇرغان جاراھەتلەر، يۇرت ئىشلىرى، دەرتمەنلەرنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاش، بىر يەردە تىنچ ئولتۇرۇپ ئىشلەشكە ئىمكانىيەت بەرمىدى. كوچىدا بىرەر قەرزدار، ياكى ئوغلىنى گۆرۈگە قويۇپ، بايدىن پۇل ئالغان بىر كىشى نەۋائىينى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ كوچىغا چىقسا، دەرھال يولىنى توسۇپ، كۆز يېشى قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت سورايتتى. شائىر بەزىدە ئۇلارغا پۇل بېرىپ، ھاجىتىنى راۋا قىلاتتى، بەزىدە قەرز بەرگەنلىرىنى سەۋر قىلىپ تۇرۇشقا كۆندۈرەتتى. بەزى مەككار ئادەملەر «ھەجگە كېتىۋاتىمەن، فاتىھە بېرىڭ» دەپ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولاتتى، بەزىلەر، «ھەجدىن كەلدىم»، دەپ ئۇنىڭكىدە قونۇپ كېتەتتى. بەزەن بىرەر ئالدامچى شەيخ: «پالانى ئەۋلىيانى چۈشۈمدە كۆردۈم، سىز ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىكەنسىز»، دەپ تاۋاپ قىلغان بولاتتى ۋە شۇ باھانە بىلەن بىر نەرسە ئۇندۇرۇپ ئالاتتى. ھەتتا بىر كۈنى ھىراتلىق شائىر ھەسەن شاھنىڭ ئوغلى: «ئاتام ۋاپات بولدى، كەپەنلىككە پۇل بېرىڭ!» دەپ يىغلاپ بىرنەچچە دىنارنى ئېلىپ كەتتى، كېيىن ئەتىسگە ھەسەنشاھنىڭ ئۆلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. نەۋائىي شەيخلەر، سوپىلارنىڭ تەماگەرلىكى، ساختا ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى، مەزلۇملارنىڭ ئاھ - زارىدىن، بەدبەختلەرنىڭ خائىنانە ئەپتىنى كۆرۈشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەجنى باھانە قىلىپ، ئۆز يېقىنلىرى بىلەن مەملىكەتتىن چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. بىراق بۇنىڭغا پادىشاھمۇ رۇخسەت بەرمىدى، ئاچكۆز بەگلەردىن يۈرەك ئالدى بولغان خەلقلەرمۇ.

ساھىبدارا يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ، خورسىنىپ قوياتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاھ ئۇرۇۋاتقان شائىرغا مېھىر بىلەن تىكىلەتتى.

«بىر ھەپتە ئىلگىرىلا ساپ - ساقتەك ئىدى، — دەپ يانا خىيال سۈرۈشكە باشلىدى ساھىبدارا، — ئاستراباددىن كېلىۋاتقان ھۈسەيىن مىرزىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىققىنىمىزدا، كەيپى ساز ئىدى، پەريان قورغىنىدا قونۇپ، ئەتىسى ئەتىگەن سەيلىگە چىققان، ئەمما رەبات تېمىغا يېزىلغان شېئىرلارنى ئوقۇپ، مەيۈسلەندى.» ئۇ تامدىكى شېئىرلارنى يادلاپ ئالمىغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى. ئۇ شېئىردا: ئەگەر قازا يەتسە، ھەكىملەر ئاجىز، ئىبنىسىنا قانۇنلىرى كۈچىنى يوقىتىدۇ، دېيىلگەنىدى. دەر ھەقىقەت، ھىراتنىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىمۇ نەۋائىينىڭ دەردىگە دەۋا تاپالمايۋاتىدۇ. دورا - دەرمەكمۇ، قان ئېلىشمۇ كار قىلمىدى.

جەمادىيەلئاخىرنىڭ 12 - كۈنى[1] ئەتىگەندە ئۇلۇغ شائىر جان ئۈزدى. پۈتۈن ھىرات ھازىخانىغا ئايلاندى. ھەممىسىنىڭ كۆزى ياش، ئۇچىسىدا ماتەم لىباسى، ئاسمانمۇ ماتەم تۇتقاندەك قارا بۇلۇت بىلەن قاپلانغانىدى.

نەۋائىينىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا كۆز يېشىدەك يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. ئەمما بۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايتتى، كوچىلار تاشقىن دەريادەك دولقۇنلاپ تۇراتتى.

---

① 1501 - يىلى، بىرىنچى ئاينىڭ 5 - كۈنى.

ھەربىر ئادەم تەۋەررۈك تاۋۇتقا مۈرەم تېگىپ قالسۇن دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرەتتى، تاۋۇتنى مۈرىسىگە ئېلىش بىلەن يانا بىرەيلەن مۈرىسىنى تۇتاتتى. شاھزادىلەر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىشى بىلەنلا، ئاۋام خەلق ئۇلارنى ئىتتىرىپ ئۇنى ئېگىلىدى. بۇ چاغدا! ھەممە ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى، بايلىقى، كەمبەغەللىكىنى ئۇنۇتقان، ماتەم بىرنەچچە سائەتكىچە ھەممەنى تەڭ قىلىپ قويغانتى. شاھزادە، كاسىپ، بەگ ۋە ئاددىي پۇقرالار، دۇكاندار ۋە ھاممال ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن، ئۇلار تاۋۇتقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، ھېچكىم بۇنىڭغا ئېتىۋار قىلمايتتى.

دەقىقەسىرى ئالمىشىپ تۇرغان تاۋۇتكەشلەر قوشتەك يېنىك بولۇپ قالغان شائىرنىڭ جەسىتىنى دات - پەريات كۆتۈرگەن سان - ساناقسىز ئادەم ئارىسىدىن ئاران ئېلىپ ئۆتۈپ، ئېيدگاھقا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردە جىنازە نامىزى ئوقۇلدى. نەۋائى ئۆز مەسچىتى جامەسىنىڭ يېنىغا ئۆزى ئۈچۈن مەقبەرە قۇردۇرغانىدى، ئۇنىڭ جەسىدىنى شۇ يەرگە دەپنە قىلدى. شائىرنىڭ يېقىن دوستلىرى، سەنئەتچىلەر، ئالىملار ئۇ يەردە تونەپ، خۇشئاۋاز ھاپىزلارنىڭ تىلاۋەتىگە قۇلاق سېلىپ، ئۇخلىماي چىقىشتى.

ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن ئولتۇردى. فاتىھە قىلغان ئادەملەر «ھازاساھىبى» بولغان پادىشاھقا تەزىيە بىلدۈرۈپ، تەسەللى بېرەتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيتتى. قارا تون ئۈستىدىن بېلىنى باغلىۋالغان ھۈسەيىن ئولتۇرغان يېرىدە، قولىدىكى ياغلىق بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، فاتىھەگە كەلگەنلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

كېچىسى ھۈسەيىن بايقارانىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، ئەلشىر بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن بالىلىق دەۋرىنى، ئەبۇلقاسىم بابۇر سارىيىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىنى ئەسلىدى. كېيىنكى دەۋرلەرنى خاتىرلىگەندە، بەزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، بەزىدە قاپىقى تۈرۈلۈپ كېتەتتى.

پادىشاھنىڭ نەۋائىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن ئولتۇرۇشىدىن مەقسىتى شائىر ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى بولغانلىقى، شائىرنىڭ كەينىدە باغچىسى بار يوغان ھويلىسىغا، باغ - ۋاران، يەرلىرىگە مىراسخور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئىدى. دەرھەقىقەت، نەۋائىنىڭ بالىلىرى يوق، ئىنىسى دەرۋىشئەلى ھىراتقا كەلمەيدىغان بولۇپ، خوراساندىن چىقىپ كەتكەن، مىرھەيدەر شېھىد بولغان. نەۋائىنىڭ ھويلىسىنى سۆيۈملۈك ئوغلى مۇزەففەرگە ۋەسىقە قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان ھۈسەيىن بايقارا مەرھۇمنىڭ «ئۈچ»نى چوڭ ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىدى. ئۇ ئىككى يۈز ئەللىك قوي ۋە يەتمىش بەش ئات سويدۇرۇپ فەقىرۇ پۇقرالارغا نەزىر بەردى. دۇئايى فاتىھەدىن كېيىن، يۈرىكىنىڭ چىگىشىنى يېشىش ئۈچۈن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، «باغى جاھان ئارا»غا يول ئالدى.

(تۈگىدى)

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ)

(ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)








# 源泉 (布拉克)(维吾尔文)总105期

# بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 105-سان

# MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108　定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108—58. باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118